

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

# قىرتاق جاكارلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

责任编辑：库来西江．欧买尔
封面设计：艾克拜尔．萨里
责任校对：阿达来提．买合苏提

2

ISBN 7-228-06507-7
9 787228 065073 >

ISBN 7-228-06507-7
I·2407(民文)定价:7.50元

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

# قىرتاق جاكارلار

( ئەدەبىي پارچىلار )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

悲痛的呼换：维吾尔文/吐尔逊拜克·依布拉依音著。—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2001.8

ISBN7—228—06507—7

Ⅰ.悲… Ⅱ.吐… Ⅲ.散文—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I217.2

中国版本图书馆CIP数据核字（2001）第037200号

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
乌鲁木齐晚报社印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 5.125印张 2插页
2001年8月第1版 2001年8月第1次印刷
印数：1——3,000

ISBN7—228—06507—7/I·2407 定价：7.50元

مەسئۇل مۇھەررىرى: كۇرەشچان ئۆمەر
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت

# قىرتاق جاكارلار

( ئەدەبىي پارچىلەر )

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

*


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 5.125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2001 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3,000
ISBN7—228—06507—7/I · 2407
باھاسى: 7.50 يۈەن

# مۇھەررىردىن

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم ( تايماس ) 1953 ـ يىلى كۇزدە مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزا ، ئاقبەل كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1960 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان ، 1973 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان « قايتا تەربىيە » نى تۈگەتكەندىن كېيىن ، قەشقەر دا-رىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن . 1975 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مەكىت ناھىيىلىك رادىئو ـ ئۈزەلىغا خىزمەتكە كىر-گەن . 1985 ـ يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكەلگەن . 1988 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە لەنجۇ غەربىي ـ شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرغان . 1997 ـ يىلىدىن باشلاپ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدا ئىشلەپ كەلمەكتە .

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم ( تايماس ) نىڭ ئەدەبىي ھاياتى 1976 ـ يىلى « قەشقەر ئەدەبىياتى » دا ئېلان قىلىنغان « ۋەتەن شەنىگە » دېگەن تۇنجى شېئىرى بىلەن باشلانغان بولۇپ ، ھا-زىرغىچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئۇنىڭ 410 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ، ئىككى پوۋېستى ۋە 40 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقا-لىسى ئېلان قىلىنغاندىن باشقا ، « سۆيگۈ ئىسيانى » ( ھېكايە ـ نەسرلەر توپلىمى ) ، « كۆز تەگكەن گۈزەل » ، « رومكا ئىچىـ دىكى سۆز » (پوۋېستلار ) ، « مەكىت چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى » ( پەن ـ تېخنىكىغا دائىر كىتاب ) ، « ئۇيغۇر دولان توققۇز مۇ-قامى » ( تېكىستلىرىنى رەتلىگەن ) ، « تىكەنلىك گۈل » (يۇ-

مۇرلار توپلىمى ) ۋە « تەقدىر » ( رومان ) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان .

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم ( تايماس ) ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى . قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى . قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئۇنىڭ 1994 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلىغىچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي پارچىلىرىدىن تاللاپ تۈزۈلدى .

## مۇندەرىجە


قويلارغا سۆز ........................................ 1
پۇل ۋە جان ........................................ 3
ئىجادىيەت ........................................ 6
تۆت خوراز ........................................ 9
ئەخمەق ........................................ 11
ئاھۇ ۋە توزاق ........................................ 13
ھەيرانلىق ........................................ 17
قەرزدار ........................................ 19
بىزنىڭ دەريا ........................................ 22
بىلىمىز ـ بىلمەيمىز ........................................ 24
ئادەملەر ........................................ 28
ئۆزگىرىش ........................................ 32
سەدىقە ........................................ 34
زىننەت دەرىخى ........................................ 37
مودا ........................................ 39
بىزنىڭ يول ........................................ 42
كەيپىيات ........................................ 46
تەبىئىي جاۋاب ........................................ 48
تەتۈر قىسمەتلەر ........................................ 51
يەلكەن ........................................ 52
ئالماشقان تەقدىر ........................................ 54

شادلىق ........................................ 55
قايتۇرما زەربە ........................................ 57
باھار ئۇغرىسى ........................................ 59
ئۆزىنى ئويلاش ........................................ 61
نەسىھەت ........................................ 66
ئىلان ........................................ 68
دوستلۇق ئۇرۇشى ........................................ 71
تەڭلىك ۋە تەڭسىزلىك ........................................ 74
ئوڭشاش ........................................ 77
تونۇش ۋە ناتونۇش ........................................ 84
پەرداز ........................................ 88
جاۋابسىز سوئاللار ........................................ 90
ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا ، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس ........ 93
ماۋزۇسىز ........................................ 97
مايمۇن كۆندۈرۈش ........................................ 100
توغراق ۋە توغراق نوتىسى ........................................ 102
يولداش ياۋاش ۋە سودىگەر ........................................ 104
ماھىيەت ۋە شەكىل ........................................ 109
ئات ۋە مەپىكەش ........................................ 112
سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش ........................................ 115
كالا ۋە مەن ........................................ 118
« تىنچ ـ ئامان تۇردىڭىز » نىڭ بايانى ........................................ 120
قوزغىنەك ۋەقەسى ........................................ 122
يەكشەنبە ........................................ 126
پەردە بالاسى ........................................ 129
ئاق دىسە قارا دەپتۇ ........................................ 134

ئاتىلار روھى ...................................... 137
قىز دوستۇم بىلەن سۆھبەت ......................... 141
پادىچى ۋە پادا ...................................... 144
ھاڭگا بارات ....................................... 146
ئۆلۈم ھەققىدە ........................................ 149
ئادەم ۋە تاكسى شوپۇرى.............................. 151

# قويلارغا سۆز

هـەي بىچارە ياۋاش قوي ، ياۋاشلىقىڭدىن پۈتۈن دۇنيا-دىكى بارچە ياۋاشلارنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان بىچارە جانىۋار ، ئۆزۈڭنىڭ نىمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىڭنى ۋە سى-نىڭ تەقدىرىڭنى قانداق نەرسىنىڭ كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بى-لەمدىغانسەن ؟ ناۋادا خۇدا ساڭا بىر مىنۇتقا زۇۋان بەرسە ، بۇ سوئالغا بەلكىم ساغلىقلىرىڭ قوزا بەرگىنىم ئۈچۈن دەپ ؛ قوچ-قارلىرىڭمۇ ئۆزى بىلگەن بىر نەرسىلەرنى دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن . مەيلى قوچقارلىرىڭ بولسۇن ، مەيلى ساغلىق ياكى قو-زىلىرىڭ بولسۇن ، سېنى هامان قاسساپنىڭ ئۆتكۈر پىچىقى كۈ-تۈپ تۇرىدۇ ! ئۆتكۈر پىچىقى يوقلار گال قىڭراق بىلەنمۇ بو-غۇزلايدۇ تېخى . ساڭا ئوت - چۆپ تاشلاپ بېرىپ باققان ، بە-زىدە ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى هەقسىز سۇنى ، بەزىدە ئاشقان - تاشقان يۇندا ، مەنتەڭلارنى ئىچىشىڭگە رۇخسەت قىلغان ، بەزىدە تېخى ئەركىلىتىپ باشلىرىڭنى سىلاپ ، قۇيرۇقلىرىڭنى دەڭسەپ باققان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ هەممىسى بىرلا مەقسەت ئۈچۈن ، يەنى سېنىڭ يۇڭلىرىڭنى سېتىپ ، تېرەڭنى خۇرۇم قىلدۇرۇپ ، گۆش-لىرىڭنى مەززە قىلىپ يېيىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىشىدۇ ، سەن بۇنى بىلەمدىغانسەن ؟!

ياق ، بۇنى سەن بىلمەيسەن . هېچبولمىغاندا پۈتلىرىڭ چۈشىلىپ ، گېلىڭغا پىچاق سۇركەلگەن دەقىقىغىچە بۇنى هەرگىز

بىلمەيسەن . پەقەت شۇ چاغدىلا ، ياۋاش يۇرىكىڭدىكى ئىسسىق قانلىرىڭ ئېتىلىپ چىققان ، چىشلىرىڭ ئارىسىدىن سىرتقا ساڭ- گىلىتىپ قويۇلغان تىللىرىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىرنى مەرەشكىمۇ ئىمكان تاپالمىغان چاغدىلا — ئاندىن قارىچۇقى تارتىلىپ كې- تىۋاتقان كۆزلىرىڭ قاتىلىڭنى گۇڭگا كۆرەلەيدۇ . بىراق ئۇ چاغدا كۆرگىنىڭ ، بىلگىنىڭنىڭ نېمىگە پايدىسى !؟

# پۇل ۋە جان

بىر كۈنى پۇل بىلەن جان « ئادەم ئۈچۈن قايسىمىز مۇھىم » دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تالىشىپ قالدى .

— ئەلۋەتتە مەن مۇھىم ، — دېدى پۇل ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا ، — چۈنكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈنلا سەندىن ئايرىلىدۇ .

— خاتالاشتىڭ ، — دېدى جان قەتئىي ئىشەنچ بىلەن ، — ئەسلىدە ئادەملەر مېنى ئاسراش ، مېنى ساقلاش ئۈچۈنلا سېنى كەشىپ قىلىشقان تۇرسا ، قانداقچە سەن ئۈچۈن مېنى قۇربان قىلسۇن . سەن پەقەت مېنى ساقلاش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان بىر ۋاستە ، مەن بولسام ماھىيەت . چۈنكى مەن بولمىسام ئادەملەر ئۆزىمۇ بولمايدۇ . ئادەملەرنىڭ ئۆزى بولمىسا ئۇ چاغدا سېنىڭ نېمە ئەھمىيىتىڭ ؟

— دېگەنلىرىڭغۇ راست ، لېكىن ئادەملەر مېنى كۆرسە كۆزى قىزىرىپ سېنى ئۇنتۇپ قالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن سەن ۋاستىگە ، مەن ماھىيەتكە ئايلىنىمىز - دە ، ئادەملەر مېنى تېپىش ئۈچۈن سېنى خىزمەت قىلدۇرىدۇ .

— ئىشەنمەيمەن ، ئادەملەر ئۇنچىۋالا ئەخمەق ئەمەس .

— ئىشەنمىسەڭ ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىناپ كۆرەمدۇق ؟

— بولىدۇ ، قانداق سىنايمىز ؟

— بۇ بەك ئاسان ، ھازىر سەنمۇ ، مەنمۇ مانا ماۋۇ ئاۋۇت

ئىسمىلىك ئادەمنىڭ تېنى ۋە يانچۇقىدا تۇرۇپتىمىز . سەن بىر ئاز بىنورماللاشقىن ، قالدىسىنى كېيىن كۆرسەن .

— بولىدۇ ، مانا ئەمىسە مەن بىنورماللىششقا باشلىدىم ، قېنى ھېلى كۆرەرمىز . . .

ئاۋۇتكام شۇئان ساقسىز بولۇپ يىقىلدى ـ دە ، ئامالسىز دوختۇرخانىغا باردى .

— كېسىلىڭىزگە سەل قاراشقا بولمايدۇ ، ئىككى يۈز كوي تۆلەپ بالنىتسىدا يېتىڭ ، — دېدى دوختۇر تەكشۈرۈپ بولۇپ .

— نېمە ؟ ئىككى يۈز كوي دېدىڭىزما ؟ . . .

ئۇ ئىككىلىنىپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى .

— قارىغاندا يېنىڭىزدا پۇلىڭىز ئاز ئوخشايدۇ . بوپتۇ ، سىزگە ئېتىبار قىلايلى ، ھازىرچە يۈز كوي تۆلەپ تۇرۇڭ .

— مەن . . . مەن بىر كەمبەغەل ئادەممەن ، يېنىمدا بىر سىنتمۇ پۇلۇم يوق . . .

— ئەمىسە دەرھال پۇل تېپىپ كېلىڭ . تۇزۇم شۇنداق ، ماڭىمۇ چارە يوق .

ئاۋۇتكام بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ دوختۇرنىڭ يېنىدىن يېنىپ چىقتى . بىراق ، دەرۋازا ئالدىغا چىقىپلا يىقىلىپ چۈشتى . چۈنكى ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتىپ كەتكەن جان ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئاشۇ پۇلغا ئورۇن بىكارلاپ ، ئاشۇنداق ئەخمەق ۋۇجۇدتىن چىقىپ كەتكەنىدى .

كىشىلەر دەرھال ج خ غا خەۋەر قىلىشتى . شۇ ھامان يېتىپ كەلگەن ساقچىلار مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئېنىقلاۋېتىپ ، ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ساقمۇ ساق تۆت يۈز سەكسەن كوي پۇل تېپىۋېلىشتى .

— تووۋا ، — دېدى دوختۇر ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ياقىـ

سىنى چېشلەپ ، — بۇ ئادەم تېخى بايىلا « يېنىمدا بىر سىنتىمۇ پۇلۇم يوق » دېگەنىدى .

ئادەملەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى . بىراق ، ھەي ئادەملەر ! ئادەم يوق يەرگە بېرىپ ئۆزۈڭلەرگە - ئۆزۈڭلەر جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار : ناۋادا سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق سىناققا دۇچ كەلسەڭلار ، پۇلنى جېنىڭلارنى ساقلايدىغان ۋاستە قىلامسىلەر ياكى ئەكسىچە جېنىڭلارنى بىر ۋاستىگە ئايلاندۇرۇپ پۇلنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىشلىتەمسىلەر ؟

## ئىجادىيەت

چوڭ - چوڭ زامانىۋى شەھەرلەرنى كۆرۈپ قايتقان ئا-دەمگە ئىختىيارسىز ھالدا ئوتتۇرا ئەسىر تۇرمۇشىنى ئەسلىتىدىغان بۇ قەدىمىي شەھەردىكى ئاۋات كوچىلارنىڭ بىرى . خىيال ئىلكىدە تەنھا كېتىۋاتىمەن . سوئال بەلگىسى بىلەن توشۇپ كەتكەن خى-يال ئېكرانىمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرىدىن بىزنىڭ بۇ يەرلەردە تېخى بولمىغان ، ئەمما زامانىۋى شەھەرلەر ئۈچۈن ئاللىقاچان ئۆزلە-شىپ بەزىلىرى ھەتتا « كونىلىق » بولۇپ قالغان ساناپ تۈگەت-كۈسىز يېڭىلىق - ئىجادىيەتلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈۋاتىدۇ . مانا ، خىياللىرىم يەنىلا سوئاللارغا تۇتقۇن : ئەجەبا دەۋر ئوخشاش ، زا-مان ئوخشاش ؛ ئەمما نېمە ئۈچۈن باشقىلار 21 - ئەسىردە ، ئەك-سىچە بىز تېخىچە ئوتتۇرا ئەسىردە ؟! ئاسمىنىمىز ، قۇياشىمىز ئوخشاش ؛ لېكىن ، نېمە ئۈچۈن باشقىلار قۇياشقا يېقىن ، يورۇق ، ئازادە بىنالاردا ، ئەكسىچە بىز زەيگە يېقىن پەتەك ئۆيلەردە ؟! باش - مېڭىمىز ، پۇت - قوللىرىمىز ئوخشاش ؛ بىراق ، نېمە ئۈ-چۈن ئۇلاردىكى سان - ساناقسىز ئىجادىيەتلەر بىزدە يوق ؟! . . .

— رەھىم قىلسىلا ئاكا ، بىزدەك ئاجىزلارنى يوقلىسىلا سىلىنى خۇدا يوقلايدۇ ، ئامىن ! . . .

سوئال ئىلكىدىكى خىياللىرىم بۇزۇلۇپ ، شۇئان ئالدىمغا قارىدىم . بىر خىل يېلىنىش ئىلكىدىكى مۆلدۈرلەپ تۇرغان قوي كۆزلىرىنى بىردە ماڭا ، بىردە يەرگە تىككىنىچە يۆمران ئەمما

قاسماقلىشىپ كەتكەن قوللىرىنى ماڭا تەڭلەۋاتقان بىر كىچىك بالا ئىككى ـ ئۈچ قەدەمچە ئارىلىقتىن تىزىدا ماڭغىنىچە كېلىۋاتاتتى .

« ۋاي بىچارە ، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ، — كىچىككىنە تۇرۇپ پالەچ بولۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان ، ئىسست . . . »

مەن ئۇنىڭغا بەش سوملۇق پۇلدىن بىرنى تۇتقۇزۇپ يولۇمنى داۋام قىلدىم .

— ئامىن ! سېخىي جەننەتتى ، خۇدا رەھمەتتى ، بىزدەك ئاجىزلارغا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن ئاكا ، ئامىن !

ئالدىنقى بالا بىلەن تەڭ دېمەتلىك چىققىدىغان ئىككى بالا ئوخشاشلا تىزىدا ماڭغىنىچە كېلىۋاتىدۇ . « ھەي بىچارە باللار ، سىلەرگە نېمە تارتقۇلۇق ؟ . . . »

بۇ بىچارىلەرنىمۇ نا ئۈمىد قويماي دەپ ، يېنىمنى ئاختۇردۇم ۋە بۇ قېتىم بەش سوم ئەمەس ، بىر سوملۇقتىن ئىككىنى ئىككىسىگە ئۈلەشتۇرۇپ بەردىم . تېخى قالغان پۇلنى يانچۇقۇمغا سېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا ، ئالدىمغا « تىزىدا ماڭىدىغان ئاجىز بالا » دىن يەنە بىرى پەيدا بولۇپ قالدى . « توۋا ، — پۈتى ئاجىز باللار نىمانچە كۆپتۇ ؟ يەنە كېلىپ ھەممىسى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك . . . » توساتتىن كۆڭلۈمدىن بىر گۇمان كېچىپ ئارقامغا قارىسام ، بايىقى تىزىدا مېڭىپ ئالدىمغا كەلگەن باللار قولىدىكى پۇللارنى بىر ـ بىرىگە داملاتقىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپتۇ . شۇ چاغدىلا ، ئۇلارنىڭ ساپساق تۇرۇپ پالەچ قىياپىتىگە كىرىۋېلىشى — پەقەت پۇل تېپىش ئۈچۈنلا ئويلاپ تاپقان بىر « ئىجادىيەت » ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم .

دېمەك ، تېخى مەن بىلمەيدىغان يېڭىلىق ـ ئىجادىيەتلەر بىزدىمۇ كۆپ ئىكەن . بىراق ، ئاشۇ « ئىجادىيەت » لىرىمىز بىلەن

ئوتتۇرا ئەسىردە قالغان بىچارە روھىيىتىنى 21 ـ ئەسىرگە ئەكەل-
گىنلى ، قۇياشقا يېقىن ئازادە ئۆيلەردە ياشاۋاتقان مىللەتلەر بىلەن
بىر قاتاردا پۇت تىرەپ تۇرغىلى بولامدۇ ؟ . . .

# تۆت خوراز

يەكشەنبە ، ئىنسانلار ئۆز تەبىئىتىنى ئاشكارىلاشتا بەسلە-شىدىغان ، جۈملىدىن ھەممە ئادەم پەقەتلا ئۆز غېمىدا ئۆزى ئۈ-چۈن جان - جەھلى بىلەن تىرمىشىۋاتقان ۋاژ - ۋاژ بازار . ئاشۇ ئۆز غېمىدا تىرمىشىۋاتقانلار قاتارىدا ، بىر توخۇچىمۇ بىر ھەپتە-گىچە پىشۇرۇپ سېتىشقا يەتكۈدەك توخۇ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ، توخۇ بازىرىغا كەلدى . ئاۋۋال پۇللۇق ، خېرىدارلىرىغا يارىغۇدەك سېمىز ، يوغان خورازدىن تۆتنى ئالدى ۋە قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ھەممىسىنىڭ پۇتلىرىنى بىر قىلىپ باغلاپ ، تام تۈۋىگە ياتقۇزۇپ قويۇپ يەنە توخۇ ئېلىشقا كەتتى .

بىراق ، بۈگۈن بولمىسا ئەتە ، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن بوغۇز-لىنىدىغان ۋە پىشۇرۇپ سېتىۋېتىلىدىغان ئاشۇ خورازلار ئۆزئارا چوقۇشۇشقا باشلىدى . ئۇلارغا قاراپ ئىختىيارسىزلا ئويلىنىپ قال-دىم : توۋا ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پۇتى بىر شويىندا باغلاقلىق تۇرۇپ ، نېمىشقا ئۆزئارا چوقۇشىدىغاندۇ ؟ ئەجەبا پۇتلىرىنىڭ باغلىنىشىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ سېتىۋېتىلىشكە قارار تاپقان-لىقىنى بىلمىگەنمىدۇ ؟! . . . ياق ، ئۇلار بىلمەيتۇ ، بىلگەن بولسا بىر - بىرىنى ئەمەس ، بەلكى پۇتلىرىنى باغلىۋالغان ئاشۇ شويىننى چوقۇغان بولار ئىدى !

ئاھ بىلمەسلىك ! دەل سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بىچارە خورازلارنىڭ تەقدىرى بوغۇزلىنىش ، يۈگدىلىش ، سېتىلىشتىن

ئىبارەت بولۇپ قالدى ! شۇ تاپتا گەرچە خورازلار مېنىڭ سۆ-
زۈمنى بىلمىگەن تەقدىردىمۇ ، ئىچىمگە پاتمايۋاتقان بىر ئېغىز
سۆزنى بەكمۇ دېگۈم كېلىپ كەتتى . ھەي بىچارە نادان
خورازلار ، چۈشەكلىك تورۇپمۇ ئۆزئارا چوقۇشقانىنىڭ ئورنىغا ،
پۈتۈڭلاردىكى شويىنىنى چوقۇشتىن ئىبارەت ئەقەللىي ساۋاتنى
بىلگەن بولساڭلا ، تەقدىرىڭلار تامامەن باشقىچە بولماسمىدى ؟!

## ئەخمەق

نادانلارنى ئەخمەق دېسە، ھېچكىم ئەجەبلەنمەيدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى بىلىملىكلەرمۇ ئەخمەق. چۈنكى ئۇلار نادانلارنىڭ ئەخمەقلىقىنىلا كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆرەلمەيدۇ؛ قارا نىيەتلەر ئەلۋەتتە ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار باشقىلار ئۈچۈن كولىغان ئورىغا ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ؛ ئاق كۆڭۈل كىشىلەرمۇ ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار دۇنيادىكى ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل دەپ قاراپ، قارا نىيەتلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشىدۇ؛ نامراتلار ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار پۇل تېپىشنى بىلمەي ئۆزىنى خارلايدۇ. بايلارمۇ ئەخمەق چۈنكى ئۇلار پۇل تېپىشنى بىلگىنى بىلەن ئاشۇ پۇلنى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ؛ بېخىللار ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار پۇلنىڭ قىممىتى بىلەنلا ھېسابلىشىپ، ھاياتنىڭ قىممىتى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. سېخىيلارمۇ ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار بۈگۈنىنىلا كۆرۈپ ئەتىنى كۆرمەيدۇ؛ ياشانغانلار ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار ياشلارنىڭ ئۆز نەسىھەتىگە قۇلاق سالمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ياشلارمۇ ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار پېشقەدەملەرنىڭ ياخشى نىيىتى ۋە نەسىھەتلىرىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى بىلىشنى خالىمايدۇ؛ پۇقرالار ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار باشلىقلارنى ئۆزلىرى سايلىغان تۇرۇقلۇق يەنە ئۇلاردىن قورقىدۇ ۋە ئۇلارغا خۇشامەت قىلىدۇ. باشلىقلارمۇ ئەخمەق، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى پۇقرالار-

نىڭ سايلىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ۋە كۆزگە ئىلمايدۇ ، ئاياللار ئەخ-
مەق ، چۈنكى ئۇلار بۇ دۇنيادا پەقەت رەڭلىك لاتىلار ئۈچۈنلا
ياشايدۇ . ئەرلەرمۇ ئەخمەق ، چۈنكى ئۇلار ئاياللارنىڭ ئەخمەقلى-
قىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇ ئەخمەقلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ھەم
ئەڭ ئەخمىقىنى قوغلىشىدۇ . سىلەر ئەخمەق ، چۈنكى شۇ تاپتا
مېنىڭ ئەسلى نىيىتىمنى چۈشەنمەي تۇرۇپ « ھەممە ئادەمنى
ئەخمەققە چىقاردىڭ ، ئۇنداقتا سەن ئۆزۈڭچۇ ؟ » دەپ سوراۋا-
تىسلەر . شۇنداق مەنمۇ ئەخمەق ، چۈنكى سىلەرنىڭ ئەخمەقلى-
قىڭلارنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە سۆزلەۋەرگەندىكىن . . .
قىسقىسى بىز ھەممىمىز ئەخمەق .

## ئاھۇ ۋە تۇزاق

سۇسىزلىقتىن گۈل ـ گىياھلىرى قۇرۇپ قاغجىراپ كەتـ
كەن ، تۇپرىقى تورزۇپ كېتىۋاتقان جاڭگالدا ئاھۇلار نەسلى تا
ئەزەلدىن مېڭىپ كېلىۋاتقان كونا چىغىر يول بىلەن ئۇماق ئوغلاـ
قىنى ئەگەشتۈرگەن بىر ئاھۇ تولىمۇ يىراقتا قالغان زەي ئېقىنغا
قاراپ كېلىۋاتىدۇ . بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان
گۆدەك ئوغلاق ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا شوخلۇق بىلەن
سەكرەپ يۈرسىمۇ ، بىراق ئانا ئاھۇ شۇنچە ھوشيارلىق بىلەن شاـ
مال ئېلىپ كەلگەن ھەربىر پۇراق ، ئاۋاز ھەم چىغىر يولدىكى
ھەربىر ئىزغا پۈتۈن زېھنى بىلەن دىققەت قىلىۋاتىدۇ . مانا ، ئۇ
ئۆز يولىغا قۇرۇلغان تۇزاقنى سېزىپ قېلىپ تىمتاس توختىدى .
گەرچە قانخور تۇزاقچى تۇزاقنى ، شۇنچە ھىيلىگەرلىك بىلەن
يوشۇرغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۈستىگە سېپىپ قويۇلغان توپا ـ
چاۋارلارنىڭ سۈنئىيلىكى ئاھۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىـ
دى . ئۇ چىرايلىق ۋە كۈچلۈك پۇتلىرىنى ئىشقا سېلىپ بىرلا
سەكرىسە ، تۇزاقتىن ئۆتۈپ كېتەلىشىدە گەپ يوق . ئەمما ،
تۇزاقچىنىڭ ھىيلىگەرلىكىگە قاراڭلار : ئاھۇنىڭ سەكرەپ ئۆتۈپ
كېتەلەيدىغانلىقىنى سېزىپ ، دەل سەكرەپ چۈشىدىغان جايغا قاـ
تار ـ قاتار قىلىپ يەنە بىر نەچچە تۇزاق قۇرۇپتۇ ! ئەمدى سەكـ
رىگەن بىلەنمۇ بەربىر تۇزاققا دەسسەپ چۈشىدىغان گەپ ،
قانداق قىلىش كېرەك ؟!

ئاھۇ يانغا قارىدى . توزاق قۇرۇلغان بۇ كونا چىغىر يولنى تاشلاپ ، ياندىن يېڭى يول ئېچىپ ئۆتۈپ كېتىشىغۇ تامامەن مۇمكىن ئىدى . بىراق ، ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ مېڭىپ كې-لىۋاتقان بۇ تونۇش يولدىن چەتنەپ باشقا بىر يولدا ماڭسا قانداق بولار ؟ ياق ! ئۆلسىمۇ ئاشۇ تونۇش كونا چىغىر يولدا مېڭىشى كېرەك !

ئاھۇ ئادەتلىنىپ كەتكەن تونۇش كونا يولدىن زادىلا مېھ-رىنى ئۈزەلمىدى . گەرچە بۇ يولغا رەقىبلەرنىڭ توزاقلارنى قۇرۇ-ۋەتكەنلىكىنى ئېنىق سېزىپ تۇرسىمۇ ، ئادەت كۈچى غالىب كې-لىپ يەنىلا شۇ كونا يولنى تاللىدى . بىراق تونۇش كۈچى ، مېھ-رىنى ئۈزەلمەسلىك دېگەنلەرنىڭ ھېچقاندىقىنى تونۇمايدىغان توزاق ئاخىر ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلدى !

مانا ، بىچارە ئاھۇنىڭ توزاققا دەسسىۋالغىنىغا ساق ئۈچ كۈن بولدى . ئۈچ كۈندىن بېرى كىمنىڭدۇر كېلىپ قۇتۇلدۇرۇ-ۋېلىشىنى كۈتكەندەك ، تەقەززالىق بىلەن كېچە - كۈندۈز تۆت ئەتراپقا تەلمۈردى . يېنىدىكى گىياھلار يېنىك شامالدا تەۋرەنسە ، شۇئان ئۈمىدلىنىپ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇلارغا يېلىن-نىش بىلەن تىكتى . ئەمما ئۇلارمۇ گويا خىجىل بولغاندەك يېنىك باش چايقاشتى . ئاھۇ يېڭى ئۈمىد ئىزلىگەندەك تۈن ئاسمىنىغا باقتى . بىراق ، جىمىرلاپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلارمۇ ئۇنىڭ يې-لىنىش ئىلكىدىكى كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك ، ئاستا - ئاستا بۇلۇتلارنىڭ كەينىگە مۆكۈپ غايىب بولۇشتى .

گويا ئاھۇغا قۇرۇلغان توزاق ئەگمىسىگە ئوخشايدىغان ئاسمان گۈمبىزى ، ئاھۇنىڭ قېنى بىلەن بويالغان ئاشۇ توزاققا ئوخشاش قىزىللىققا پۈركىنىپ ، قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى كائىناتقا چېچىلىشقا باشلىغاندا ، ئوماق ئوغلىقىنىڭ ئەمچەك ئىز-

دەپ كىچىككىنە تۇمشۇقى بىلەن تۇرتۇشى ئاھۇنى پۇشايمانلىق خىياللاردىن ئويغاتتى . ئۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئوغلىقىنىڭ چىراي-لىق كۆزلىرىنى ئەمەس ، بەلكى ئەمدى توزاقتىكى زىڭىلداپ ئاغ-رىپ تۇرغان پۇتىنى يالاشقا باشلىدى . دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ سەزگۈر بۇرنىغا مىلتىق دورىسى پۇرىغاندەك بولدى ــ دە ، شارت-تىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى . دېگەندەك « ئەزرائىل » نى مۇرىسىگە ئېسىۋالغان بىر توزاقچى يىراقتىن ئۇنىڭغا قاراپ كې-لىۋاتاتتى . ئاھۇنىڭ ئۇنىڭغا تىكىلگەن چىرايلىق كۆزلىرىدىن تارام ــ تارام ئىسسىق ياش قۇيۇلدى . بىراق بۇ ياشلارنى كۆرگەن توزاقچىنىڭ چىرايىغا كۈلكە ئولاشتى ھەمدە قەدىمىنى تېزلىتىپ ، يېنىدىكى پىچاققا قول ئۇزاتتى . پەقەت شۇ چاغدىلا ، يېلىنىش ، ياش تۆكۈش دېگەنلەرنىڭ ئىككى پۇل ئىكەنلىكى ئاھۇغا ئايان بولدى . ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ بىرلا يۇلقۇندى ــ دە ، سۆڭىكى ئاللىبۇرۇنلا سۇنۇپ ، تېرىسى بىلەن پەيلىرى تۇتۇپ قالغان سۇنۇق پۇتىنى توزاققا قالدۇرۇپ چۆچۈپ كەتكەن ئوغلىقىنى ئەگەشتۈرگىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى . چۈنكى ئۇ ئۆزى ھالاك بولغان تەقدىردىمۇ ، ئوغلىقىنى قۇتۇلدۇ-رۇشنىلا ئويلايتتى .

دەرۋەقە ، بىچارە ئوغلاق قۇتۇلدى ، ئەمما يېتىم بولۇپ قالدى . چۈنكى ، پاقالچىكىدىن چورتلا ئۈزۈلگەن پۇتىدىن يىلىك ۋە قانلىرى ئېقىپ تۈگىگەن ئانا ئاھۇ گەرچە يەنە ئۈچ كۈنگىچە تۇتۇق بەرمىگەن بولسىمۇ ، بىراق ھېيلىگەر توزاقچى قان ئىزىنى ئەگىشىپ يۈرۈپ ئاخىر ئۇنى قۇم بارخانلىرىنىڭ باغرىدا ماجالى-دىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن يېرىدە قولغا چۈشۈرۈپ بوغۇزىغا پىچاق ئۇردى . . .

بەلكىم شۇ تاپتا ئوقۇرمەنلەرمۇ ئويلاۋاتقاندۇ : ئىسىت بى-

چارە ئاھۇ ! توزاق قۇرۇلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ، يەنە شۇ يولدىن مېھرىڭنى ئۇزەلمەي ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ھالاك قىلدىڭ ! بۇ دۇنيادا مېڭىشقا يول ئازمىدى ؟! نېمە ئۇچۇن يېڭى يول تېپىپ مېڭىشنى خالىمايدىغانسەن ؟!

# ھەيرانلىق

كۆپكۆندۈز .

كىنوخانا ئالدىدىكى مەيدان ئەمدىلا كىنودىن تارقىغان ئادەملەر بىلەن لىق تولغان . قاياقتىندۇر ئاندىن تۇغما ھالدىكى يالىڭاچ بىر ئايال پەيدا بولۇپ ، ئۆز تىلىدا ئاللىنېمىلەرنى دېگە-نىچە ، نەدە ئادەم كۆپ بولسا شۇ يەرگە قاراپ كېلىشكە باشلىدى . مەن ھەيران قالغانلىقىمدىن كىشىلەرگە قارىدىم . ھەممىلا ئادەم ھەيران قېلىپ ، بىر - بىرىگە قارىشىشىۋېتىپتۇ . گەرچە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەيرانلىقتىن ئىزىدا توختاپ بىردەملىككە نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشقان ؛ يەنە بەزىلىرى ئاغزىنى توسۇۋېلىپ ئىختىيار-سىز كۈلۈشۈۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئاشۇ مىنۇتتا پۈتۈن مەيدان ، ھەتتا پۈتۈن شەھەر بويىچە بىردىنبىر يالىڭاچ بولغان بۇ ئىنسان-دىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ، ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ ئاخىر ھەم-مەيلەن تارقاپ كېتىشتى .

قاپقاراڭغۇ كېچە .

لېكىن ، تورۇستىن ساڭگىلاپ تۇرغان بەش دانە لامپا ، يۈزدىن ئارتۇق ئادەم يۈيۈنۈۋاتقان بۇ جۇڭگوچە مۇنچا ئىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋېتىكەن . تۆت تەرەپنىڭ قايسىسىغا قارىسام ، ئاندىن تۇغما ھالەتتىكى قىپيالىڭاچ ئادەملەر . بىراق ، ھەيران قا-لىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق . شۇ ئەسنادا ، بۇ بىر توپ يالىڭاچلار-نىڭ نېمىگىدۇر ھەيران بولۇۋاتقاندەك ھەممىسىنىڭلا بىر تەرەپكە

قارىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ مەنمۇ قارىدىم . بېشىدىن تا پۇتىغىچە تولۇق كېيىنگەن بىر ئادەم بىر بۇلۇڭدا توسۇلۇپ قالغان سۇ يول-لىرى بىلەن ھەپىلىشىۋېتىپتۇ . گەرچە ئۇنىڭ ئاشۇ بىر توپ يالىڭاچلارنىڭ بىمالال يۇيۇنۇۋېلىشى ئۇچۇن شۇنداق قىلىۋاتقان مۇنچا خادىمى ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ ، لېكىن مەنمۇ ئاشۇ ھەيران بولۇۋاتقان بىر توپ يالىڭاچلار قاتارىدا ئۇنىڭدىن ھەيران قالدىم . چۈنكى بىز بىر توپ يالىڭاچلار ئارىسىدا ، يالغۇز ئۇنىڭلا ئۇچىسىدا كىيىم بار ئىدى .

# قەرزدار

چىگقى چۆش . چۆل باغرىنى كېسىپ ئۆتكەن تاشيولدا بىر جۈپ جىپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتىدۇ . توساتتىن بىرىنىڭ ماتۇردىن كاشىلا چىقىپ ئۇنى ئۆچتى ـ دە ، چىپپىدە توختاپ قالدى . ھەر ئىككى شوپۇر پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ ئوت ئالدۇرالمىدى . ئەمدى بىرىنى بىرىگە سۆرىتىپ كېتىشتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى . بىراق ، ھەر ئىككى ماشىنىدىن بىر غېرىچمۇ ئارغامچا تېپىلمىدى . خېلىغىچە ساقلىغان بولسىمۇ ، بۇ چۆل ـ جەزىرىدىكى يولدا ھېچقانداق ماشىنا ئۆتمىدى . چىدىغۇسىز ئىسسىق ، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىق ئازابى مىنۇتىغا ھەسسىلەپ كۈچىيىپ بارماقتا . قانداق قىلىش كېرەك ؟

كۈتۈلمىگەندە چۆللۈكتىكى بىر چىغىر يولدىن گويا خۇدا يەتكۈزگەندەك بىر ئات ھارۋىسى چىقىپ قالدى . ھارۋىكەش بوۋاي ئەھۋالنى ئۇقۇپ ، ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ئاتنىڭ بويندىكى ئارغامچىنى يېشىپلا شوپۇرغا بەردى .

— رەھمەت تاغا ، باشقا تازا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتتىڭلا ، ئاز بولسىمۇ بۇ پۇلنى ئېلىپ قويسىلا .

— مەن ئارغامچىنى پۇل ئۈچۈن بەرمىدىم بالام ، قەرزىمنىلا قايتۇردۇم ، خالاس .

— قەرزىمنى دېدىلىما ؟

— شۇنداق . مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلماندار چىلىق قەرزى بو-

لىدۇ . مەن پەقەت شۇ قەرزنىلا ئادا قىلدىم . . .

ھەقىقەتەن شۇنداق ! بىز ــ ھەربىر ھەقىقىي ئىنسان مەڭگۈلۈك قەرزدارلارمىز . ئەڭ ئاۋۋال بىز ئاتا ـ ئانىمىزغا قەرزدار . چۈنكى ، قىممەتلىك بۇ ھاياتنى بىزگە ئاتا ـ ئانىمىز بەرگەن . بىراق بىز ئۇلارغا نېمە بېرەلىدۇق ؟! بىز پەرزەنتلىرىمىزگىمۇ قەرزدار ؛ چۈنكى ئۇنى ئۆز پۇشتىمىزدىن تاپقانىكەنمىز ، دۇنيا ـ مىراس قالدۇرالمىساقمۇ ، دەسسەپ تۇرغۇدەك يەر قالدۇرۇشىمىز كېرەكقۇ . بىراق ئۇلارغا نېمە قالدۇرۇۋاتىمىز ؟! بىز يەنە دوستلارغا قەرزدار . چۈنكى ، دوستلار ھايات يولىدىكى بارلىق ئىسسىق ـ سوغۇقنى بىز بىلەن تەڭ تارتتى . بىراق بىز ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە قانچىلىك تارتىشىپ بېرەلىدۇق ؟! بىز ھەتتا رەقىبلەرگىمۇ قەرزدار . چۈنكى ، ئۇلار بىزنى غەپلەت ئۇيقۇدىن ئويغاتمىغان بولسا يەنە قاچانغىچە ئۇخلار ئىدۇق ؟! بىز كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئانا زېمىنگە ، ئەل ـ يۇرتقا قەرزدار . چۈنكى ، ئانا زېمىن ئىللىق باغرىدىن جاي بېرىپ باقتى ، ئەل ـ يۇرت ئۆز قوينىغا ئېلىپ ئادەم قاتارىغا قاتتى . بىراق بىز ئۇلارغا نېمە بېرەلىدۇق ؟! بىز قۇياش ، ئاي ـ يۇلتۇزلارغىمۇ قەرزدار . چۈنكى ئۇلار بىزگە نۇر بىلەن ئىللىقلىق بەخش ئەتتى . بىراق بىز ئۇلاردىن مىننەتدار بولۇش ئورنىغا تېخى « كۆزۈمنى چېقىپ كەتتىڭ ! » دەپ تىللاپ ـ قارغىدۇق . بىز دېڭىز ـ كۆللەرگە قەرزدار . چۈنكى ئۇلار بىزگە مول مەھسۇلاتلىرى بىلەن تاتلىق سۈيىنى بەردى . بىراق بىز ئۇنىڭ ئورنىغا ئەخلەت ـ يۇندىلەرنى تۆكتۇق . بىز ھەتتاكى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ دەپ قارايدىغان پاقا ـ قۇمچاقلارغىمۇ قەرزدار . چۈنكى ، بىچارە پاقىلار ھەممىدىن بۇرۇن ئويغىنىپ باھارنى چىللاپ كەلسە ، بىز ھەممىلا يەردە ئۆزىنىڭ ئىسمىنىلا چاقىرىپ يۈرىدىغان ، باھار كېلىپ دە-

رەخلەر قاراڭغۇلاشقاندا ئاندىن تەييارغا ھەييار بولىدىغان كاكى
كۆكلارغا مەدھىيە ئوقۇپ ، پاقىلارغا ئۈۋال قىلدوق ...

قەدىرلىك قېرىنداشلار ، قەرزىمىزنىڭ تۈپىنى تىگىدىن قىلچە قورقمايلى . چۈنكى بۇ قەرزلەر شۇنداق بىر قەرزكى ، بىز قا[illegible] ئۆزىمىزنىڭ « قەرزدار » ئىكەنلىكىمىزنى ھەقىقىي رەۋىشتە ھېس قىلساق ، دەل شۇ چاغدا بۇ قەرزلەرنى ئادا قىلغان بولىمىز .

# بىزنىڭ دەريا

دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ باش ـ ئاخىرى بولغىنىدەك بىزنىڭ دەريالارمۇ ئەرشكە تاقاشقان ھەيۋەتلىك ئاقۋاش چوققىلاردىن باشلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ھەيۋەتلىك بۈيۈك چوققىلار بىرلا ئەمەس ، ئۇنىڭ بەزىلىرى گويا ئاپئاق ـ ئاپئاق بۇلۇتلارنى سەللە قىلىپ يۆگىگەن گىگانت ئادەمگە ئوخشىسا ، بەزىلىرى دۇنيانىڭ بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن مويسپيت ئاتىلار ، يەنە بەزىلىرى مېھرى دېڭىز ئاق روماللىق ئانىلارغا ئوخشايدۇ . ئەنە شۇنداق يۈكسەك چوققىلاردىن باشلانغان كۆپلىگەن ئېقىنلار ، يەر يۈزىدە ئۆزئارا گىرەلىشىپ ، سۈيى ئەلۋەك سۆيۈملۈك دەرياغا ئايلانغان .

بىراق بۇ سۆيۈملۈك دەريانىڭ ئەلۋەك سۈيى ئانا تۇپراق قوينىدا ئېقىپ تۇرۇقلۇق ، تەشنالىقتىن باغرى چاك بولۇۋاتقان ئاشۇ تۇپراقنىڭ چاڭقاقلىقىنى قاندۇرالمايدۇ . ئۇنداقتا دېڭىز ـ ئوكيانلارغا قويۇلۇپ تۈگەمدۇ ؟ ياق ، ئەكسىچە ئۆز ـ ئۆزىگە سىڭىپ تۈگەيدۇ . ناۋادا خۇددى ئۇنىڭ بېشى بولغىنىغا ئوخشاش ئاخىرىمۇ بولۇپ دېڭىزلارغا تۇتاشقىنىدا ئىدى ، مەڭگۈ ـ مەڭگۈ قۇرۇمىغان بولاتتى . چۈنكى ، دېڭىز ـ ئوكيانلار شۇنىڭ ئۈچۈن بۈيۈككى ، ئۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ 73% تىنى قاپلاپ تۇرۇقلۇق بىر تامچە سۇنىمۇ چەتكە قاقمايدۇ !

دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ باش ـ ئاخىرى بولغىنىدەك

بىزنىڭ دەريالارمۇ ئەرشكە تاقاشقان ھەيۋەتلىك ئاقۋاش چوق-
قىلاردىن باشلىنىدۇ . بىراق ، باشلىنىشىنىڭ قانداق بولۇشى پە-
خىرلىنىشكە ئەرزىمەيدۇ ، گەپ قانداق ئاخىرلىششتا ، دېمەك بىز-
نىڭ دەريانىڭ بېشى ئەرشتە بولغىنى بىلەن ، ئاخىرى يوق . . .
مانا بۇ ــــ بىزنىڭ دەريا .

## بىلمىز — بىلمەيمىز

غەربىي چىن خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ قول ۋەزىرى خاقان جىن خۇيدىنىڭ يېنىغا كىرىپ دوكلات قىلدى :

— ئۇلۇغ خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى ، دۆلەتتە ئاچارچىلىق بولۇپ يېگىلى ئاش قالمىدى . . .

— نېمە ؟ ئاش قالمىغان بولسا گۆش يېسە بولمامدۇ ؟!

ۋەزىر لام - جىم دېيەلمەي ئارقىچىلاپ ماڭغىنىچە قايتىپ چىقتى .

قەلەمنىڭ جاكارسى : قورسىقى توقلار قورسىقى ئاچلارغا « ئاش يېسە ياكى گۆش يېسە بولمامدۇ ؟! » دېيىشنى بىلىدۇ . لېكىن قايسى ئاش ، قايسى گۆشنى دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ .

* * *

شەيتان جەننەتتىكى مېۋىلەرنى يېيىشتىن ئىككىلىنىپ تۇرغان ئادەم ئاتىغا ۋەدە بەردى :

— خاتىرجەم يەۋەرگىن ، نېمە ؟ جەننەتتىن ھەيدەلسەمچۇ دېدىڭما ؟ مانا مەن كېپىل ، ھەممە گۇناھنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىپ سىنى چوقۇم ساقلاپ قېلىشقا ۋەدە بېرىمەن !

ئادەم ئاتا ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ مېۋىلەرگە ئېغىز تەگدى . بىراق ، يەپ قويغان مېۋىلەرنى چىقىرارغا جاي تاپالماي جازالانغان چاغدا ، شەيتاننىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدى .

قەلەمنىڭ جاكارسى : ئىنسانلارمۇ ۋەدە قىلىشنى بىلىدۇ . بەزىلىرى ئەمەل قىلىشنى بىلمەيدۇ .

*　　　*

مەيخورلار ئۆمەر ھەييامنىڭ ئالدىغا بېرىپ سوراشتى :
— ھۆرمەتلىك ئۇستاز ، مەينى قايسى كۈندە ئىچكەن ياخشى ؟
— دۈشەنبە ، سەيشەنبە ، چارشەنبە ، پەيشەنبە ، جۈمە ، شەنبە ۋە يەكشەنبىدە ئىچكەن ياخشى .
— بىر كۈن ئىچىدىكى قايسى ۋاقىت ئىچىشكە ئەڭ مۇۋاپىق ؟
— ئەتىگەن ، چۈش ۋە كەچ ئەڭ مۇۋاپىق .
— ئۇستازنىڭ قۇلىقىغا نېمىنىڭ ئاۋازى ئەڭ چىرايلىق ئاڭلىنىدىكىن ؟
— ساقىي قولىدىكى مەينىڭ ئاپقۇرلاردىن جامغا قۇيۇلۇۋاتقان چاغدىكى بۇلدۇقلىغان ساداسى .
— ئۇستازنىڭ بىرگە دەيدىغان ۋەسىيىتىنى ئاڭلىۋالساق .
— ئەگەر مەن ئۆلسەم ، جەسىتىمنى مەي بىلەن يۇيۇپ ، قەبرەمنىڭ لېيىنىمۇ مەي بىلەن ئېتىڭلار . . .
مەيخور شاگىرتلار گەرچە شۇنچىۋالا سوئالنى سوراشقان بولسىمۇ ، لېكىن « مەينى نېمە ئۈچۈن ئىچىمىز » دېگەن بىرلا سوئالنى سورىمىدى .
قەلەمنىڭ جاكارسى : مەيخورلار ھەپتىسىگە يەتتە كۈن ، كۈنىگە ئۈچ ۋاخ مەي ئىچىشنى بىلىدۇ . لېكىن نېمە ئۈچۈن ئىچىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ .

*                *

جەمشىد يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، بىر توپ ھۈرۈننىڭ بىكار چىلىقتىن قىلغىلى ئىش تاپالماي قاقشاۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇلارغا تاشلىۋېتىلگەن ئەسكى ـ تۈسكىلەر ئارىسىدىن تۆت تال ئوشۇق بىلەن ئەللىك ئىككى پارچە قەغەزنى تاپتۇرۇپ كېلىپ قارتا ۋە قىمارنى ئۆگىتىپ قويىدى . . .

قەلەمنىڭ جاكارسى : ئىنسانلار قىمار ۋە قارتا ئويناپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشنى بىلىدۇ . لېكىن ، ئىككىنچى قېتىم مەڭگۈ كەلمەيدىغان ئاشۇ ۋاقىتنى نېمە ئۈچۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ .

*                *

سىپارتاك « گىلادىئاتور » دېگەن چىرايلىق نام بىلەن ھەشەمەتلىك تاماشا مەيدانىغا ئېلىپ كېلىندى . قولىغا خەنجەر تۇتقۇزۇلۇپ يەنە بىر قۇل بىلەن ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشقا سېلىندى . بىرلا شەرت ، ئۇلارنىڭ قايسىسى ئۇتسا شۇ ھايات قالاتتى . ئۇلار ھايات قېلىش ، ياشاش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئېلىشتى .

قەلەمنىڭ جاكارسى : قۇللار ئەجەل ئالدىدىمۇ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئېلىشتى .

قەلەمنىڭ ساداسى : قۇللار ئەجەل ئالدىدىمۇ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ياشاشنى بىلىدۇ ، لېكىن نېمە ئۈچۈن

ياشاۋاتقانلقىنى بىلمەيدۇ . . .
قىسقىسى بىز قارىماققا ھەممىنى بىلىمىز ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنى بىلمەيمىز .

## ئادەملەر

تەبىئەت ئانا نەچچە مىڭ يىلغا سوزۇلغان ئاچچىق تولغاق ئازابىنى باشتىن كەچۈرۈپ ، مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن ئىنساندىن ئىبارەت پەرزەنتنى تەۋەللۇق قىلدى . بىراق ئۆزىنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق ئالىي مەخلۇقات دەپ تونۇيدىغان بۇ نادان پەرزەنت ، سۆيۈملۈك ئانىسى ئاتا قىلغان ساناپ تۈگەتكۈسىز نازۇ نېمەتلىرىگە زادىلا رازى بولماستىن ، ئۇنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇپ ئۈستىۋاشلىرىنى بۇلاپ ـ تالىدى . بۇنى ئاز كۆرۈپ تېخى تومۇرلىرىنى تېشىپ قېنىنى تارتىپ سېتىشقا باشلىدى . . .

دېمەك ، ئادەملەر ئۆز ـ ئۆزىنىڭ دۈشمىنى ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى تېزلەتكۈچى . ئۇنداق بولمىسا ، سۆيۈملۈك تەبىئەت ئانا ئۆزلىرىنىڭ هاياتلىق مەنبىئى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ، يەنە نېمىشقا ئاشۇ هاياتلىق مەنبەئىنى ئۈزلۈكسىز نابۇت قىلىۋېرىدۇ ؟!

*                    *

ئادەملەر ئەينى چاغدا گەرچە كىيىم ـ كېچەك كىيىشنى بىلمىسىمۇ ، لېكىن ئالدى ـ كەينىگە پەشتاما تارتىپ يۈرۈشنى بىلگەندىن باشلاپ ، باشقا هايۋانلاردىن ئەقىل ـ ئىدراك جەهەتتىن روشەن پەرقلىنىپ ، ئاخىر بۈگۈنكى دەۋرگە تۇتاشقان تەدرىجىي تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويدى . ئۇلار دەسلەپتە ئوۋچىلىق بىلەن ئاندىن چارۋىچىلىق ، دېهقانچىلىق . قول هۈنەرۋەنچىلىك ،

ئاندىن سانائەت بىلەن شۇغۇللاندى . ئىپتىدائىي ئورمانلاردىن كەپىلەرگە ، كەپىلەردىن يېزىلارغا ، يېزىلاردىن شەھەرلەرگە كۆچتى . بىراق ، شەھەرلەر يېزىلارنى ، يېزىلار بولسا كەپىلەرنى ياراتماس ـ تونۇماس بولۇۋالدى . . .

دېمەك ، ئادەملەر ئۆز ـ ئۆزىنىڭ خائىنى . ئۇنداق بولمىسا ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۈنۈگۈنىنى تونۇمايدۇ ؟ ئۆز ئەسلىنى ئىنكار قىلىدۇ ؟!

* *

قوللىرىغا ئارا ، كەتمەن ، ئوتىغۇچ ، بوقوسا . . . قاتارلىق خىلمۇ خىل ئەمگەك سايمانلىرىنى ئالغان بىر توپ كىشىلەر ماكانلىشىش ئۈچۈن يەر ئىزدەپ ، بىر چوڭ كۆل بويىدىكى خاسىيەتلىك يەرگە كېلىپ قېلىشتى . يەر ئاستىدىن چىققان : « ھەي ئادەملەر ، مەندەك مۇنبەت ھەم خاسىيەتلىك يەرنى تاپالمايسىلەر ، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى ، ماڭا ھازىر نېمە تېرىساڭلار كېيىن شۇنى يىغىۋالىسىلەر . خالىساڭلار قېنى مەندە تۇرۇپ قېلىڭلار » دېگەن سادانى ئاڭلاپ ئاشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشتى . ئۇلارنىڭ بىرى بۇغداي ، ئىككىنچىسى قوناق تېرىشتى . لېكىن ، ئۈچىنچىسى ئازغان ، تۆتىنچىسى تىكەن ، بەشىنچىسى يانتاق تېرىشتى . كۈزدە ھوسۇل يىغماقچى بولۇپ ئېتىز بېشىغا كېلىشتى . بىراق ، بۇغداي بىلەن قوناق شۇنچە ئوخشىغان بولسىمۇ ، ئەتراپتىكى ئازغان ، تىكەن ، يانتاقلارمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشماي ئوخشىغاچقا ، ئۇلار يېقىن بارالمىدى . . .

دېمەك ، ئادەملەر ئۆز يولىنى ئۆزى چىتلىغۇچى ، بىرىنىڭ چاتىقىغا مىڭى چېتىلىپ ھەممىسى يىقىلغۇچى . ئۇنداق بولمىسا

نېمە تېرىسا شۇنى يىغىۋالىدىغانلىقى ئېنىق تۇرۇپ ، يەنە نېمىشقا
ئازغان ـ تىكەنلەرنى تېرىيدۇ ؟!

* *

شەھەرنىڭ ئادەم ئەڭ كۆپ توپلىشىدىغان مەركىزىي
كوچىسى . نېمە سەۋەبتىنكى ، ئىككى ئادەم ئاۋۋال ئالىيىشتى ،
ئاندىن تىللىشىشتى ، ئاخىرىدا مۇشتلىشىشتى . ئۇلار تازا مۇشتلى-
شىۋاتقاندا ، قاياقتىندۇر بىر نوچى كېلىپ تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنى
ئىتتىرىۋېتىپ مەيدانغا كىردى ـ دە ، ئىككىيلەننى ئاجرىتىپ تە-
سەللى ۋە تەربىيە بېرىشكە باشلىدى . ئەسلىدە ئۇمۇ ئۇرۇش ـ
جېدەل دېسە پۇلغا سېتىۋالىدىغان بىر قىزىق قان نوچى ئىدى . .
دېمەك ، ئادەملەر ئۆزلىرىگە ئەركىنلىكنى ، ئۆزگىلەرگە
ئەدەپ ـ ئەخلاقنى تەقسىم قىلىغۇچى ، ئۆزگىلەرنى ياخشىلىققا
ئۈندەپ قويۇپ ئۆزى بۇزغۇچى . ئۇنداق بولمىسا ، نېمە ئۈچۈن
جېدەلگە ئامراق بىر نوچى باشقىلارنىڭ جېدىلىنى توسايدۇ ؟!

* *

تەسەۋۋۇر قىلىغۇسىز ھايات مۇساپىسىنىڭ جاپالىق سەپە-
رىدە كېتىۋاتقان بىر توپ كارۋان ، ئاجايىپ چۆل ـ باياۋان ،
خەتەرلىك تاغ ـ داۋانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈۋېتىپ كۆتۈلمىگەندە
يەكچەشمىلەر ئۆڭكۈرىگە سولىنىپ قالدى . ئىنساپسىز يەكچەشمە-
لەر ھەر كۈنى بىر ئادەمنىڭ گۆشىنى ئۈلىشىپ يەپ ، قېنىنى چاي
ئورنىدا ئىچەتتى . شۇڭا ، ھەر ئەتىگىنى جاللات يەكچەشمە ئى-
شىك ئالدىغا پەيدا بولغاندا ، ئۆڭكۈردىكى ئادەملەر جان

قايغۇسىدا: « سەن سىمىز مەن ئورۇق، مەن ئورۇق سەن سىمىز . . . » دېگەن سۆزنى تالاي قېتىم تەكرارلاپ، بىر ـ بىرىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ چىقىرىپ بېرىشنى ئادەت قىلىۋېلىشتى . . .

دېمەك، ئادەملەر ئۆز ـ ئۆزىنى ئالدىغۇچى. بۈگۈنكى بىر قېتىملىق قۇتۇلۇشقا ئەتىكى مەڭگۈلۈك تۇتۇلۇشنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تېگىشكۈچى. ئۇنداق بولمىسا، سېمىزلەرنىڭ بۈگۈنى ئورۇقلارنىڭ ئەتىسى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا ئورتاق قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىمەي ئۆز ـ ئۆزىنى ئالدايدۇ ؟!

## ئۆزگىرىش

ئۆزگىرىش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى — خۇددى قۇ-ياش غەربتىن چىققاندەك تۈيۇقسىز ئۆزگىرىش. مۇنداق ئۆزگى-رىش تۈيۇقسىز بولغانلىقى ئۈستىگە تولىمۇ تېز بولىدىغان بول-غاچقا، كىشىلەرنى بىر مەھەل ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ. بىراق، خۇددى قاراڭغۇ دۇنيادىن بۇ يورۇق ئالەمگە كۆز ئاچقان بوۋاقمۇ تۇغۇلغىنىدا ھەر قانچە يىغلىغان بىلەن كېيىن بارا - بارا كۆنۈپ قالغاندەك كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالىدۇ.

ئىككىنچىسى، سۈكۈت ئىچىدىكى جىمجىت ئۆزگىرىش. خۇددى ھەر كۈنى قۇياش شەرقتىن چىقىپ غەربكە ئولتۇرغانغا ئوخشاش، ئاستا ۋە جىمجىت يۈز بېرىدۇ. بۇ داغدۇغىسىز، جىمجىت ئۆزگىرىش گەرچە كىشىلەرنى قىلچە ھاڭ - تاڭ قال-دۇرالمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سان ۋە سۈپىتى ھەرگىزمۇ ئالدىنقى-سىدىن كەم ئەمەس. بەلكى، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۆزگىرىش مانا شۇنداق جىمجىت يۈز بېرىپ كەلمەكتە. ۋەھالەنكى، ئەمەلىيەتتە ھاڭ - تاڭ قېلىشقا ئەرزىيدى-غىنى — دەل مۇشۇنداق جىمجىت ئۆزگىرىش. بۇنىڭغا گۇماندا بولسىڭىز تۆۋەندىكى ئەمەلىي ئىسپاتنى كۆرۈپ بېقىڭ.

يەكشەنبە، مۇئەللىپ ئەمدىلا ئۇلاغ بازىرىغا كىرىشىگە، بىر ئادەم قويىنى كۆرسىتىپ ماختاپلا كەتتى:

— كەلسىلە، مانا بۇ قويىنى ئېلىپ بېقىپ قويسىلا بولىدۇ.

شۇنداق ياۋاش ، شۇنداق ئىشتەيلىك قويكى ، ھەتتا چۆچۈرە بەرسىلىمۇ يەۋېرىدۇ . . .

قوينىڭ چۆچۈرە يەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان مۇئەللىپ گۇمانىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قوينى ئالدى . دېگەندەك ئەتسى كەچتە ئاشقان يېرىم قاچا چۆچۈرىنى قوي يەۋەتتى .

ناھايىتى ئېنىقكى ، چۆچۈرە گۆشتە بولىدۇ . قوينىڭ گۆشىنى ئادەم ۋە ئىت ـ مۈشۈكلەر يەۋاتقانلىقىنى ئاز دەپ ، ياۋاشلىقتا پىر سانالغان قويمۇ ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېيىشنى ئۆگىنىپتۇ . مانا بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغۇدەك ئېچىنىشلىق ئۆزگىرىش ئەمەسمۇ !؟

## سەدىقە

يۇرتىمىزدا دىۋانە شۇ قەدەر كۆپىيىپ كەتتىكى، ھەر بىر كوچىدا قەدەمدە بىردىن ئۇچراپ ئادەمنىڭ ئالدىنى توسۇپ ساز قىلىپ تۇرۇۋالغىنى ئاز دەپ، مانا ئەمدى ھەر ئەتىگىنى ئىشىك قېقىپ، بىرنى يولغا سالسا، بىرى كېلىۋېلىپ كىشىلەرنى تولىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بولۇۋالدى.

مانا بۈگۈنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ بولغۇچە ئىشىك قېقىلىپ «غېرىبنىڭ قەدىمى يەتتى، بالانىڭ يەتمىسۇن!» دېگەن سوزۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. ئالدىراپ داستىخاننى ئاختۇردۇم. بىراق، بالىلار چالا يەپ تاشلاپ قويغان بىر ـ ئىككى توغرام ناندىن باشقا، پۈتۈن بىر نانمۇ چىقمىدى. يانچۇقلىرىمنى ئاختۇرۇپ باقتىم. ئەمما «ناھىيىنىڭ مالىيەسىدە قىزىل رەقەم كۆرۈلدى» دەپ مائاشنى بەرمەيۋاتقانغا ئىككى ئاي بولغان تۇرسا، مائاشتىن باشقا ھېچقانداق تاپاۋىتى بولمىغان بىر ئاددىي خىزمەتچىنىڭ يانچۇقىدا پۇل نېمە ئىش قىلسۇن؟ بېشىم تازا قاتقان بولسىمۇ، ئويلاشقا ۋاقىت يوق ئىدى. چۈنكى، سەل كېچىكىپ قالسام، بارغانسېرى ھالى ئۇستۇن بولۇپ كېتىۋاتقان دىۋانىلەر رەنجىپ كېتىپ قالاتتى ـ دە، ئالىمادىس «غېرىبنىڭ قەدىمى» ئورنىغا ئۇ ئېيتقان باشقىچە بىرەر «قەدەم» يېتىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنى كۆتۈرگۈچىلىكىم قالمىغانىدى. شۇڭا، ئامالسىز ئۇچامدىكى ئالغىنىمغا تېخى تولۇق ئىككى ئايمۇ بولمىغان كۆڭلەكنى سالدىم ـ دە،

مايكىچان ئىشىك تۈۋىگە چىقتىم . گەرچە ئۈستۈمىشغا قاسماقلىـ
شىپ كەتكەن كونا كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ ، ساقىلىنى بولۇشىغا
قويۇۋەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن پارقىراپ تۇرغان قىپقىزىل مايلىـ
شاڭخۇ يۈزلىرىدىن تېخى قىرىق ياشتىن ئاشمىغانلىقى مانا مەن ،
دەپ چىقىپ تۇرغان بۇ تەن دۇرۇس ئادەم قولۇمدىكى كۆگلەكنى
كۆرۈپ ئۆشنىسىدىكى كۆتۈرەلمەي قالغان يوغان خالتىنى يەردە
قويدى ـ دە ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشقا باشـ
لىدى .
بىراق ئۇنىڭ ئەتىسى يەنە كېلىشىنى كىم بىلسۇن ؟ تاڭ
سەھەردىلا ھېلىقى تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ بېشىمغا كۈن چۈشتى .
يەنە بىر قۇر كىيىم ئاچىقىپ بېرەي دېسەم ، ئەمدى ئۆزۈم يالىڭاچ
قالغۇدەك ھالغا كېلىپ قالغانىدىم . بەرمەي دېسەم ، ناۋادا ئۇ تاڭ
سەھەردىلا قارغىۋېتىپ كېتىپ قالسا . . .
شۇ ئەسنادا ، ئاخشام ئۇقۇپ بولالماي ياستۇق يېنىغا قويۇپ
قويغان ژۇرنال كۆزۈمگە چېلىقتى ـ دە ، كۆڭلۈمگە بىر پىكىر
كەلدى : « توختا ، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە : ئەقەللىي ساۋات بوـ
يىچە ئېيتقاندىمۇ ئىنسان ھەم ماددىي ، ھەم مەنىۋى ئوزۇققا
موھتاج ؛ ئۇ گەرچە بىر دىۋانە بولسىمۇ ، لېكىن ئۆمۈر بويى ماد-
دىي ئوزۇق يىغىپلا ئۆتكەچكە ، بۇ جەھەتتە مەندىن بايلىقى
ئېنىق ؛ يەنە كېلىپ مەنمۇ ھەركۈنى ئۇنىڭغا ماددىي ئوزۇقلا بېـ
رىپ كەلدىم . قېنى بۇگۈن بىر مەنىۋى ئوزۇق بېرىپ باقـ
مايمۇ ؟ . . . »
شۇنداق قىلىپ مەن تېخى تولۇق ئوقۇپ بولالمىغان ژۇر-
نالنى كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدىم . ئۇ
گويا بۇ دۇنيادا تېخى كۆرۈپ باقمىغان غەلىتە بىر نەرسىنى
ئۇچراتقاندەك ، بىر قولۇمدىكى ژۇرنالغا ، بىر ماڭا قاراپ تۇرۇپ

قالدى .

— ئۆيىمىزدە بۇنىڭدىن قىممەتلىك بىرەر نەرسە قالمىدى ، قېنى ئاز بولسىمۇ ئالسىلا ، — دېدىم ئۇنىڭغا .

— ئادەم زاڭلىق قىلىپ . . . قانداق دېگەن گەپ بۇ ، — دېدى ئۇ خالتىسىنى مۇرىسىگە سېلىۋېتىپ .

ئەمدى ئۇنىڭدىكى ھەيرانلىق ماڭا ئۆتكەندى . ھەر قانچە ئويلاپمۇ مەنىۋى ئوزۇققا ئەڭ موھتاج بىر كىشىنىڭ ئۆزىدە زادىلا بولۇپ باقمىغان بىر قىممەتلىك « سەدىقە » نى ئالماي كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم . بىراق ، شۇنى بىلدىمكى ، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئىككىنچى مەھەللىمىزگە كەلمەيدىغان بولدى . ناگان - ناگاندا ئېزىپ بىر كېلىپ قالسىمۇ ، مېنى كۆرسىلا خالتىسىنى يۇدۇپ ، قولۇمدىكى سەدىقىگە قاراپمۇ قويماستىن كېتىپ قالىدىغان بولدى .

# زىننەت دەرىخى

قۇياش نۇرى كۈچىدىن كېتىدىغان قىش ـ زىمىستاندا ، بارلىق گۈل ـ گىياھ ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئەركىن ئۆسۈشتىن توختىشى ئەلۋەتتە تەبىئىي ئەھۋال . ئەمما ، باھار كېلىپ يەر ـ جاھان ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن چاغدىمۇ يەنىلا ئەركىن ـ ئازادە ئۆسۈشتىن مەھرۇم ھالدا ، ئالدىنقى يىلدىن قىلچە پەرقسىز ياشايدىغان بىر بىچارە دەرەخ بار . گەرچە ئەسلىدىكى ئىسمى باشقا بولسىمۇ ، لېكىن كىشىلەر ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ تارتىۋېلىپ ، ئۆزلىرىچە « زىننەت دەرىخى » دەپ ئاتىۋالغان بۇ دەرەخ ، بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان باغچا ، كوچىلارنى مىسلىسىز گۈزەللىك بىلەن تەمىن ئېتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئاشۇ بىر ئەسىردىن بۇيان ھەر يىلى ۋاقتى ـ قەرەللىك ھالدا رەھىمسىزلەرچە قايچىلىنىپ كېلىنمەكتە . ئاشۇلارنى ئويلاپ يېتىپ ، بىر چۈش كۆرۈپتىمەن . چۈشۈمدە قايچىدىن سورايمىشمەن :

— ھەي رەھىمسىز قايچا ، ئۆزۈڭنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىڭنى بىلەمسەن ؟ خۇدا ھەممە گۈل ـ گىياھ ، دەل ـ دەرەخلەرگە ئوخشاش « زىننەت دەرىخى » گىمۇ ئەركىن ئۆسۈش ، چوڭىيىش ھوقۇقى بەرگەن تۇرسا ، سەن بىر غېرىچ ئۆسۈپ بولغۇچە ئۇنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قايچىلاپ تۇرساڭ ، بۇ ئادىللىق بولامدۇ ؟

قايچا ئاغزىنى ئېچىپ خۇددى ئادەمدەك گەپ قىلارمىش :

— قارىغاندا مېنى بىر ئازمۇ چۈشىنىپ يەتمەپسەن . قېنى

سەندىن بىر سوراپ باقاي : مەن ئۆزۈمدىن يۇمشاقلارنى قايچىلاپ تۇرمسام نېمە ئىش قىلىمەن ؟ مەن نېمشقا يۇلغۇن ، سۇۋادان ، قارىغايلارنى قايچىلىماي ، ئاشۇ زىننەت دەرىخىنىلا قايچىلايمەن ؟ كىم ئۇنى « زىننەت دەرىخى بول » دەپتۇ ؟ . . .

مەن ئويغىنىپ قايچىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاق قەغەزگە چىرايلىق يېزىپ چىقتىم ھەمدە ئۇنى زىننەت دەرىخىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدۇم .

بىراق ئۇ . . .

# مودا

مەشھۇر كىنو پېشۋاسى چارلىز چاپلىننىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى « مودا دەۋرى » دىن ھېسابلىغاندا ، غەرب دۇنياسىدا مودا دەۋرىنىڭ ئەۋجىگە چىقىپ پەسەيگىنىگە گەرچە بىر ئەسىردىن ئاشقان بولسىمۇ ، لېكىن بىزدە تېخى ئەمدى باشلاندى .

بىزنىڭ بۇ يەردە ئەمەل بىر مودا . ئەدىناسى ئۈچ ئادەمگە باشلىق بولغان گۇرۇپپا باشلىقى چاغلىق ئەمەلگە ئېرىشكەن ئادەم ئەمەلدىن شۇنچە پەخىرلىنىدۇكى ، ناۋادا بىرەرسى ئاشۇ ئەمەل تاجىنى قاتماي ، ئاتا ـ ئانىسى قۇلىقىغا ئەزان قىچقىرىپ قويغان مۇبارەك نامىنى ئاتاپ سالىدىغان بولسا ، شۇ ھامان دەككىسىنى يېمەي قالمايدۇ . دەل ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ، تىلىمىزدىكى « ھاكىم » ، « مۇدىر » ، « ئىدارە باشلىقى » دېگەنگە ئوخشاش بىر چىرايلىق ئىسىملىرىمىز « شەنجاڭ » ، « جۇرېن » ، « جۇيجاڭ » ھەتتا « كېجاڭ » لارغا ئورۇن بوشاتتى . ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى ، ئاشۇ « جاڭ » لىق ئەمەلگە ئېرىشكەنلەرنىڭ بىر قىسمى گەرچە ئۆزىنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى كۆڭلىدە ياخشى بىلسىمۇ ، لېكىن ئاشۇ قارانچۇق ئەمەل ئۈچۈن ئادەملىكتىن ۋاز كەچتى .

بىزنىڭ بۇ يەردە پۇل بىر مودا . ھەممە ئادەم ئۈلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي پۇللا تاپىدۇ . « پۇلنى نېمە ئۈچۈن تا-

يمەن ؟ » دەپ ئۆزىدىن سوراپ باقىدىغانلار يوق . بىر تۇغقان قېرىندىشنى ، ھەتتا بېقىپ چوڭ قىلغان مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسى جان تالىشىۋاتسا قۇتقۇزۇشتا يوق ، پۇل كويىدا مىراس تالىشىدۇ . بەلكىم ئۇلار پۇلغا ئامراقلىقىدىن ، ئۆلسە گۆرىگە ئېلىپ كېتەر . ئەمما بۇ دۇنياغا مۇتلەق ئوخشىمايدىغان ئۇ دۇنيادا پۇلنىڭ ئۆز قىممىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئېسىدە بولمىسا كېرەك .

بىزنىڭ بۇ يەردە تورنىڭ توخۇنى دورىشىمۇ بىر مودا . تەبىئىيكى ، بىزنىڭ ھالال تۇپرىقىمىزنىڭ پاك نازۇنېمەتلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىپ چوڭ بولغان سۆيۈملۈك خوتۇن ـ قىزلىرىمىز بەئەينى گۈزەل تورغىلا ئوخشايتتى ؛ ئۇلارنىڭ ھەرخىل دوپپا ، ئۆكە ـ تاجىلىرى گويا تورنىڭ تاجىسىغا ئوخشىسا ، تال ـ تال ئۆرۈم چاچلىرى بىلەن يارىشىملىق شايى ـ ئەتلەس كۆڭلەكلىرى خۇددى كەڭ يېيىلغان تور قانىتى ئىدى . . . بىراق ، مودا قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن بىچارىلەرگە قۇيرۇقى يوق بىر سوكال مېكىيان گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتكەن چېغى ، « تاج » ۋە « قانات » لىرىنى يۇلۇپ تاشلاپ ، قۇيرۇقسىز سوكال مېكىيانەك سوكۇلداپ يۈرۈۋالمىسا كۆڭلى تىنمايدۇ . تېخىمۇ يامىنى ناۋادا بىرى ئاق كۆڭۈللۈك قىلىپ ئۇلارغا : « ئەسلىدە سىلەر بىر گۈزەل تور تۇرۇپ ، مېكىياننى دورىغىنىڭلار نېمىسى ؟ » دەپ سالىدىغان بولسا ، ئۇلار سوكال مېكىياننىڭ ۋاتىلداشلىرىنىمۇ شۇ ھامان رېئال مودىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ .

مۇشۇلارنى يېزىۋاتقان قەلەم مودىنىڭ كارامەتلىرىدىن ھەيران بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ئەسلى ماھىيىتىنى سورىۋىدى ، مودا شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى :

ـــ مەن ھېچقانداق قانۇن ، ھېچقانداق پروگراممىدا بەل-

گىلەنگەنمۇ ئەمەس ؛ ھېچقانداق ھۆكۈمەت ، ھېچقانداق ئالىم مېنى كىشىلەرگە تەشەببۇس قىلغانمۇ ئەمەس ؛ مەن پەقەت مەنمەنلىكتە ئۇچىغا چىققانلارنىڭ ئەخمەقلىقتا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بەسلە-شىدىغان بىر خىل دوراش مۇسابىقىسىدىن ئىبارەتمەن ، خالاس .

# بىزنىڭ يول

يولمۇ دۇنيادىكى بارلىق هادىسىلەرگە ئوخشاش يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن ، كىچىكلىكتىن زورايغان ؛ ئاددىيلىقتىن ئالىيلاشقان .

دۇنيادا تۇنجى قېتىم ئاپىرىدە بولغان يول — ئېھتىمال چىغىر يول بولسا كېرەك ، كېيىن هارۋا - چاڭغىلارنىڭ كەشىپ بولۇشىغا ئەگىشىپ هارۋا يوللىرى ، ماشىنا - پويىزلارنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن تاشيول - تۆمۈريوللار ، ئايروپىلان - پاراخوتلار دەۋرىدە بولسا سۇ ۋە هاۋا يوللىرى بارلىققا كەلگەن .

چىغىر يول — دۇنياغا تۇنجى ئاپىرىدە بولغان ئىستىخىيىلىك يول بولۇش سۈپىتى بىلەن پۇتلۇق جانلىقلارغا مەنسۇپ . چۈنكى ، پۇتى بارلىكى جانلىق ماڭىدۇ ، مېڭىشلا بولىدىكەن ، تەبىئىي يوسۇندا يول ئېچىلىدۇ . بىراق ، هارۋا يولى هارۋا ئىجاد قىلغانلارغا مەنسۇپ . چۈنكى ، هارۋا ئىجاد قىلىنمىغان بولسا ، هارۋا يولىمۇ بولمىغان بولار ئىدى . بۇ جەھەتتە بىز ئۆز ئىسمىنى تارىختا « ئېگىز هارۋىلىقلار ، قاڭقىللار » دەپ يېزىپ قالدۇرغان ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىزدىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق .

ئەمما ، باشقىلار ماشىنا ، پويىز ، پاراخوت ۋە ئايروپىلانلارنى كەشىپ قىلىپ يەر ۋە سۇدىلا ئەمەس ، هاۋادىمۇ ئەركىن قاتناۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزدىن پەخىرلىنىش بىلەن مەست بولۇپ ، يەنىلا قەدىمكى هارۋا يولىدىن

چىقالماي باشقىلارنىڭ كەينىدىن تەمتىلەپ يۈرۈشىمىز ئادەمنى قاتتىق ئىچىندۈرىدۇ. بۇ ئىچىنىشلىق ساۋاق شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇكى، يول — ئۆزىنى ئاچقان ۋە مېڭىۋاتقانلار بىلەن ئوڭ تاناسىپتا بولىدۇ. يەنى ئۇ ئاچقانسىرى، ماڭغانسىرى شۇنچە داغداملىشىدۇ؛ داغداملاشقانسىرى ئۇنىڭدا ماڭغۇچىلارمۇ شۇنچە روناق تېپىپ سۈرئىتى تېزلىشىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، يول تارلاشقانسىرى ئۇنىڭدا ماڭغۇچىلارنىڭ قەدىمى ئاستىلاپ، بارغانسىرى ئارقىدا قالىدۇ.

يولنى ھەرگىزمۇ باشقىلار ئېچىپ بەرمەيدۇ، بەلكى ھەركىم ئۆز يولىنى ئۆزى ئاچىدۇ، ئۆزى تاپىدۇ. شۇڭا، گەرچە شەكىل جەھەتتىن ئاز - پاز ئوخشاشتەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ماھىيەت جەھەتتىن ھېچكىمنىڭ يولى ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشاشمايدۇ. يولنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاشماسلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئاشۇ يولنى ئاچقۇچىلارغا، ئاشۇ يولدا ماڭغۇچىلارغا باغلىق.

ئىنسانلارنىڭ نەزەر دائىرىسى، نىيەت - ئىقبالى، بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ئادەملىك ساپاسى ھەرخىل بولغاچقا، بۇگۈنكى دۇنيادىمۇ ھەرخىل يوللار مەۋجۇت. مەسىلەن ئالايلى، ئالەم كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ئوربىتانى بويلاپ «مېڭىپ» ئايغا يېتىپ بارغىلى بولىدىغان پارلاق يول؛ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ مىڭ كىلومېتىر مۇسايە بىر سائەتتە تاماملىنىدىغان ھاۋا يولى؛ پويىزغا ئولتۇرۇپ كېچە - كۈندۈز توسالغۇسىز ئىلگىرىلەيدىغان تۆمۈريول؛ ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ سائىتىگە يۈز كىلومېتىردىن ئارتۇق ماڭغىلى بولىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول...

ئەمما بۇلارنىڭ قايسىسى بىزگە تەئەللۇق؟ قايسىسىنى بىز «بىزنىڭ يولىمىز» دېيەلەيمىز؟

ناۋادا سىز نيۇ ـ يورك ، لوندون ، موسكۋا ياكى توكـ يولاردىن يولغا چىقسىڭىز ، شۇ كۈنلا ياكى ئەتىسلا ئۆرۈمچىگە ھەتتا قەشقەر ـ خوتەنلەرگىمۇ يېتىپ كېلەلەيسىز . لېكىن ، ئۆيىڭىز جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ناھىيىلىرىدە بولۇپ قالسا ، بوسۇغىڭىزغا قەدەم قويغۇچە بەك تېز بولسا تۆت ـ بەش كۈن ، بولمىسا بىر ـ ئىككى ھەپتە كېتىدۇ . ئاشۇ بىر ـ ئىككى ھەپتە جەريانىدا ، قارشى تەرەپتىن ماشىنا كېلىپ قالسا يۈرەك جىغىلدايدىغان تار يوللاردىكى ساناقسىز توساق ـ تەكشۈرۈشلەر ، خاتا مېڭىۋېلىپ دەخلى قىلىۋاتقان هارۋا ئۇلاغلار ، هېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغان ئېقىن ـ كاتاڭلار ، رىۋايەتلەردىكى كۆهقاپنى ئەسلىتىدىغان چاڭ ـ توزانلار جېنىڭىزنى جاق تويغۇزىدۇ .

مانا بۇ — بىزنىڭ يول .

ناۋادا سىز ناھىيىدىن يېزىلارغا ، يېزىلاردىن كەنت ـ مەھەللىلەرگە بارماقچى بولسىڭىز باھالاش ئېھتىياجى ئۈچۈن يوللارغا مەجبۇرىي دۆۋىلىتىلگەن قىغ ـ ئەخلەتلەر ، توپا ئېلىش ئۈچۈن كولىنىپ تىندۇرۇلمىغان ئازگاللار ، قالايمىقان بېسىپ قويۇلغان ياغاچ ـ تاشلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ . شۇلارنىڭ كاساپىتىدىن بەزىدە تېخى ئۆتەلمەي ئارقىڭىزغا قايتىپ كېتىسىز .

مانا بۇ — بىزنىڭ يول .

ناۋادا سىز كوچىلارغا چىقىپ بۇ باشتىن ئۇ باشقا ئۆتمەكچى بولسىڭىز « بۇ يولدا مەندىن باشقا ئادەممۇ ماڭار » دېگەننى خىيالىڭىزمۇ كەلتۈرۈپ باقمايدىغان بىكار تەلەپلەرنىڭ يولنى توسۇپ هاڭۋېقىپ تۇرۇپ كېتىشكەنلىرىنى ، ۋېلسىپىت ، هارۋا ، غالتەك ، يايمىلارنىڭ دەستىدىن پىيادىلەرنىڭمۇ تەستە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز قوشۇمىڭىزنى تۈرىسىز .

مانا بۇ — بىزنىڭ يول .

ناۋادا سىز بىرەر سودىلىق ئۆچۈن رەستىگە كىرىپ قالـ
سىڭىز ، پۇل تېپىشتىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئويلىمايدىغان ھۆپە-
گەرلەرنىڭ سىم تارتىپ ئېسۇەتكەن ئىشتان ـ پايپاقلىرى باش ـ
كـۆزىڭىزگە يۆگىشىپ ھېچ يەرنى كۆرەلمەيسىز . بىرەر ھۆپىگەر-
نىڭ ئالدىدا تۆت ئادەم مال كۆرۈۋاتقان بولسا ، يولنىڭ تارلىقىدىن
ئۆلارنى يانداپ ئۆتۈپ كېتەلمەيسىز .

مانا بۇ ــــ بىزنىڭ يول .

يول ئۆزلۈكىدىن تارلىشىپ قالمايدۇ ، بەلكى ئۇنى ئاشۇ
يولدا ماڭغۇچىلار ئۆزىنىلا ئويلاشتىن ۋاز كېچىپ ئورتاق نىيەتكە
كېلىپ ئۆزلىرى راۋانلاشتۇرمىغۇچە ، بىراۋلارنىڭ يولنى يەنە
باشقا بىراۋلار كېلىپ راۋانلاشتۇرۇپمۇ بەرمەيدۇ .

## كەيپيات

ئالدىمدا كېتىۋاتقان بۇ ئادەم تۇيۇقسىز يەرگە ئېڭىشىپ ، ئاشۇ ئېڭىشكەن پېتى بىر هازا تۇرۇپ قالدى . بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئەتراپقىمۇ قارىماي ئۇدۇل مېڭىپ كەتتى . ئۇ يا يەر-دىن بىر نەرسە تېپىۋالغان ئادەمگە ، يا كېسىلى تۇتۇپ قالغان ئا-دەمگە ئوخشىمايتتى . ئۇنىڭ بۇ ئىشى ماڭا غەيرىي تۇيۇلۇپ ، ئۇ ئېڭىشىپ تۇرۇپ قالغان يەرگە كېلىپ سەپسالدىم . يەردە توپىغا مىلەنگەن ئون سوملۇق پۇلدىن بىرى تۇراتتى . بۇ ئىشقا تېخىمۇ قىزىقىپ ، قەدىمىمنى تېزلىتىپ ھېلىقى ئادەمگە يېتىشتىم ۋە :

— نېمىشقا ئېڭىشىپ بولۇپ پۇلىڭىزنى ئالماي كېتى-سىز ؟ — دەپ سورىدىم .

— ئۇ مېنىڭ پۇلۇم ئەمەس ، — دېدى ئۇ ماڭا بىر قاراپ قويۇپ .

— سىزنىڭ بولمىغان تەقدىردىمۇ مەيلى نېمىلا بولسۇن ئۇنى ئېلىشىڭىز كېرەك ئىدىغۇ دەيمەن ، — دېدىم .

ئۇ گۇمان بىلەن ماڭا بىر هازا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ ئاخىر ئېغىز ئاچتى :

— مەيلى ئىشىنىڭ ، مەيلى ئىشەنمەڭ ، ئاۋۋال پۇلنى كۆرگەن چېغىمدا : « ئۇنى ئېلىپ بېرەر كەمبەغەلگە دۇئا قىلدۇ-رۇۋېتەي » دەپ ئويلىغانىدىم . لېكىن ، قولۇمنى ئۇزىتىۋېتىپ يەنە بىر ئوي كاللامغا كېلىپ قالدى : « ناۋادا بۇ بىر قىلتاق بولۇپ ،

بىرى ئاستىرتىن كۆزىتىپ تۇرغان بولسا ، پۇلنى ئېلىشمىغىلا كې-
لىپ كاپ تۇتۇپ ، بۇ دېگەن مانچە مىلڭ سوم ئىدى ، قالغىنىنى
نەگە يوشۇردۇڭ دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلىمەن ؟ » ئاشۇ ئوي
بىلەن پۇلنى ئېلىشتىن ۋاز كەچتىم . ئەگەر سىزنىڭ ئالغۇڭىز
بولسا بېرىپ ئېلىۋېرىڭ ، مەن ئۆز يولۇمغا كېتىۋېرىمەن . . .

ئۇ ئادەم شۇنداق دەپ كېتىپ قالدى . مەن ئون سوم
پۇلنى ئېلىش ـ ئالماسلىقنى ئەمەس ، بەلكى باشقىچە بىر مەسىلىنى
ئويلاپ قالدىم : ناۋادا ئاشۇ ئادەم ئەسكى ئادەم بولۇپ ، بىرەرسى-
نىڭ گېلىغا خەنجەرنى تەڭلەپ تۇرۇپ : « ماڭا مانچە مىلڭ سوم
بەر ! » دەپ تەھدىت سالسا ، ئۇنى توسىدىغانغا ئادەم چىقارمى-
دى ؟ ناتايىن .

دېمەك ، ئەسكىلىك قىلىدىغانلار توسالغۇسىز قىلىۋەرگىنى
بىلەن ، ياخشىلىق ئىزدەيدىغانلار قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن بەدەل
تۆلەيدىغان بولغىنى ئۈچۈن ، ئۇنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ ،
گەرچە ھەممە ئادەمنىڭ پېشكەللىك بىلەن خۇشى بولمىسىمۇ ،
بىراق ، پېشكەللىككە ئۇچرىغانلارنى ھېچكىم قۇتقۇزاي دېمەيدۇ .

## تەبئىي جاۋاب

ناۋادا بىرسى سىزدىن : « پۇل چوڭمۇ ياكى ھوقۇق چوڭمۇ ؟ » دېگەن سوئالنى سوراپ قالسا ، دەماللىققا جاۋاب بې- رەلمەي ئويلىنىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن . ئۇنداقتا بىز ياشاۋاتقان بۇ ماكاندىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئاشۇ سوئالغا تەبئىي جاۋاب بولالايدىغان ، ئاپتورنىڭ قارىشى قېتىلمىغان تۆۋەندىكى كىچىك- كىنە تەبئىي كارتىنىنى كۆرۈپ بېقىڭ :

ئورنى : جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم ناھىيىسىدىكى مەلۇم رېستوران .

ۋاقتى : ئاپتور مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقان كۈندىن بىر ھەپتە بۇرۇن .

قاتناشقۇچىلار مۇئاۋىن ھاكىم ، ئىدارە باشلىقلىرى ، شىركەت دىرېكتورلىرى ، شوپۇرلار ۋە شەخسىي تىجارەتچىلەر بولۇپ 30 تىن ئارتۇق كىشى . تاماقتىن كېيىن ساھىبخانا پۇتۇن پىشۇرۇلغان بىر قوينىڭ گۆشى بىلەن يەنە بىر قوينىڭ تونۇر كاۋىپىنى داستىخانغا ئېلىپ چىقىپ ، مېھمانلارغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى . ئارقىدىنلا بىر تەرەپتىن گۆشلەر پارچىلانسا ، يەنە بىر تەرەپتىن « ئىلى ئالاھىدە ھارىقى » يەشكى بىلەن ئەكىرىپ تى- زىلدى . ھايال ئۆتمەيلا « ئۇيغۇرچە ئىچىش » باشلاندى . ئۇي- غۇرچە ئىچىش دېگىنىمىز — « يۇرىكى چىلاشقۇچە » ، « بېقىنى چىققۇچە » ، « موللاق ئېتىپ خارقىراپ ياتقۇچە » ، « ئەتىسى بىر

كۈن قۇسقۇچە » . . . ئىچىشتىن ئىبارەت بولۇپ ، كىمكى بۇ شەرتلەرنى ئادا قىلمىسا ئۇ « ئوغۇل بالىدەك » ئىچمىگەن بولىدۇ . شۇڭا بۇ شەرتلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن ، رومكا ئورنىغا ئىستاكان ياكى پىيالە ئىشلىتىلىدۇ . هاراقنى ساهىبخانا بىر ئايلاندۇرۇۋەتكەندىن كېيىن سالامەتلىكى تۈپەيلى ئىچەلمەيدىغانلارغا ئورۇن قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ، سورۇندىكى هەممەيلەنگە نۆۋەت بىلەن بىر - ئىككى بوتۇلكىدىن هاراق قۇيغۇزىدۇ . بۇنىڭ بىلەن هاراق قۇيغۇچى گەرچە « پەقەت مۇشۇ بىر رومكا . . . » دەپ ئىچكۈزسىمۇ ، هاراق ئىچكۈچى ئاشۇنداق « بىر رومكا » دىن نەچچە ئوننى ئىچىشكە مەجبۇر بولىدۇ .

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى ، ئۇيغۇرچە ئىچىش ئەۋجىگە چىقىپ كۆزلەر خۇمارلاشقان ، باشلار ئىسسىپ هاراق كەيپى تازا تۇتۇۋاتقان چاغدا ، بىرسى « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! » دەپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى . سورۇن ئەهلى پاراڭدىن توختاپ ئۇنىڭغا قارىدى . ئۇ كىشىلەر ئاغزىدا « XX قويمىچى » دېگەن نام بىلەن مەشهۇر بولغان بۇ ناهىيىنىڭ ئەڭ چوڭ مىليونېرى ئىدى . بەزىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلىپ ئولتۇردى ، بەزىلەر ئورنىدىن مىدىراپ چالا تەبەسسۇم قىلدى ، يەنە بەزىلەر كۆرمىگەنگە سېلىپ ئولتۇرۇۋەردى . بىراق ، مۇئاۋىن هاكىم دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ ، تولۇق تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى . هەممە كۆزلەر ئۇلارغا تىكىلدى . چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرى مۇشۇ سورۇندىكى هوقۇقدارلارنىڭ ، يەنە بىرى پۇلدارلارنىڭ ۋەكىلى ئىدى . ئىككىيلەن سورۇن ئوتتۇرىسىدا قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . كۆرۈشۈپ بولۇپلا مۇئاۋىن هاكىم ساهىبخانىغا قاراپ « قولغا سۇ . . . » دېدى . ساهىبخانا ئاپتۇ - چىلاپچا ئېلىپ مېهمان ئالدىغا كېلىۋىدى ، مۇئاۋىن هاكىم ئۇنىمىغىنىغا قارىماي

ئاپتۇ ـ چىلاپچىنى ئىلىپ مىليونىرنىڭ قولىغا سۇ بەردى . سو-رۇندىكىلەر بىر ـ بىرىگە سىرلىق قاراشتى . شىركەت دىرېكتور-لىرى ، شەخسىي تىجارەتچىلەرنىڭ كۆزلىرىدە كۈلكە پارلىدى . ئىدارە باشلىقلىرى شوپۇرلىرىنىڭ چىرايىدىن بوران ئۇچتى . چۈنكى ئۇلارمۇ بۇ رېئال تۇرمۇش كارتىنىسىدىن ، پۇل بىلەن هوقۇقنىڭ دائىر سوئالغا تەبىئىي جاۋاب ئالغانىدى .

## تەتۈر قىسمەتلەر

ئۇلۇغ ئالىم كوپېرنىكنىڭ « قۇياش مەركەز » تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدىن ھېسابلىغاندا ، ئىنسانىيەتنىڭ كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ شەكىللىنىشى ــ قۇياشنىڭ مېڭىشىدىن ئەمەس ، بەلكى يەر شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكىنىگە 350 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ ، لېكىن ئىنسانىيەت تا ھازىرغىچە « كۈن چىقتى ، كۈن پاتتى » دېگەن خاتا ئىبارىنى ئىزچىل قوللىنىپ كەلمەكتە . ئەجەبا ئىنسانىيەت تەتۈر يەكۈن ، تەتۈر ھۆكۈملەرگە شۇنچىۋالا ئامراقمۇ ؟ ۋەھالەنكى دەل ئاشۇنداق تەتۈر يەكۈن ، تەتۈر ھۆكۈملەر يىغىلىپ تەتۈر قىسمەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . مۇنداق تەتۈر قىسمەتلەر ھېلىھەم تەقدىرىمىز بىلەن ئويناشماقتا .

# يەلكەن

چايقىلىپ تۇرغان چەكسىز دېڭىز. تىنىمسىز سەپەردە ھېرىققان كېمىلەر قىرغاققا شۇنچىۋالا تەشنا. ئەنە ئۇلار مۆك-چەيگەن گەۋدىلىرىنى ئاران - ئاران قىمىرلىتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە قۇچاقلىرىنى كېرىپ تۇرغان يەلكەنلەر بولسا شۇنچىلىك خۇشال. چۈنكى، دېڭىزغا قاراۋاتقان بارلىق كۆزلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋال كۆرىدىغىنى دەل ئاشۇ يەل-كەنلەر.

بىراق، كېمىنى ئالغا سىلجىتىۋاتقىنى غادايغان يەلكەنلەر بولماستىن، بەلكى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان شامال. بىچارە شە-كىلسىز شامال كېچە - كۈندۈز يەلكەنلەرنى ئالغا ئىتتىرىپ ئاۋارە. ئەكسىچە يەلكەنلەرنىڭ ھامان غادايغان پېتى تۇرغىنى تۇرغان. چۈنكى، يەلكەنلەر ئۈچۈن كېمىنى قاشقا ئېلىپ چىقىشتىن كۆرە، ئۆزىنى بىر كۆرسىتىۋېلىش مىڭ ئەۋزەل، ئەلۋەتتە. شۇڭا، شامالغا ئارقىسى قىلىقلىق يەلكەنلەر قىرغاققا قاراپ غادايغىنى بىلەن ھەدەپ ئىتتىرىۋاتقان شامالغا قاراپ ھو-مىيىدۇ.

بىراق، شامالغىمۇ ئامال يوق. ناۋادا ئۇ يەلكەننى ئىتتى-رىشتىن توختاپ ئارام ئالىدىغان بولسا، چايقىلىپ تۇرغان چەك-سىز دېڭىزدا كېمىنىڭ غەرق بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق. دې-مەك، گەرچە كېمە نىشانغا يېتىپ بارغۇچە يەلكەن تازا غادىيىۋال-

غىنى بىلەن ، شامال كېمىنى نىشانغا يەتكۈزگەن كۈن — يەل-
كەننىڭ مۇراسىمسىز دەپنە كۈنى بولۇپ قالدۇ . ناۋادا ھەر كۈنى
بولمىسىمۇ ، شامالنىڭ تاقىتى تۈگىگەن بىر كۈنى راستىن ئا-
شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە ، بۇنىڭغا يەنە بوران ئەيىبلىكمۇ ؟

## ئالماشقان تەقدىر

دۇنيادىكى ئىشلار ھەم كومېدىيىلىك، ھەم تراگېدىيىلىك تۈسكە ئىگە. ئادەملەرگە مۇناسىۋەتلىك نازۇك مەسىلىلەرنى قوـ يۇپ تۇرۇپ، چاشقان بىلەن مۈشۈكلەرنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئالماشقان تەقدىرىنى ئېلىپ ئېيتساق، مۇنداقلا قارىسا ئادەمنىڭ كۈلگۈسى كېلىدۇ. چۈنكى، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان چاشـ قانلارغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئۈزۈلدۈرمەي جەڭ قىلىش نەتىجىـ سىدە، مۈشۈكلەر كۆپلەپ ئۆلۈپ ھەتتا نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. بۇرۇن بىكارغا بەرسىمۇ ھېچكىم ئالمايدىغانلىقتىن كىشىلەر ئاتايىن يىراق ـ يىراقلارغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ كېلىدىـ غان مۈشۈكلەرنىڭ ھەربىرى مانا ئەمدى نەچچە مىڭ سومغا يارايدىغان بولۇپ قالدى.

لېكىن، ئولتۇرۇپ تازا ئويلاپ قارىسا، تەتۈر قىسمەتلەرـ دىن كېلىپ چىققان بۇ تەتۈر نەتىجە ئادەمنى قاتتىق ئېچىندۇرىـ دۇ. چۈنكى، مۈشۈكلەر قىرىلىپ تۈگەپ كېتىۋاتقىنى بىلەن، ئىنسانلار يوقاتماقچى بولغان چاشقانلار تېخى ھايات! بەلكى ئۇلار مۈشۈكلەرنىڭ نەسلى يوقىلىشقا يۈزلەنگەنلىكتىن شادلىنىپ، ھەر كېچە ئۇۋىسىدا تەنتەنە قىلىشماقتا...

## شادلىق

شۇ تاپتا بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدەك شادلىقتا چۆمگەن ئادەم يوق ئىدى. تۇرۇپ كۈلەتتى، تۇرۇپ ئىسقىرتاتتى. ناخشا ئېيتاتتى، ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە بىر نېمىلەرنى دەيتتى. ئىسمىنى بىلىدىغان بىرەرسى ئۇچراپ قالسا، ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتلىق ياكى موتسىكلىتلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئارقىسىدىن خېلى يەرگىچە ئەگىشىپ ئىسمىنى توۋلايتتى. توختىغاندىن كېيىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، قوللىرىنى شىلتىپ قويۇپ ئارقىسىغا ياناتتى. ئۇ شۇ قەدەر خۇشال ئىدىكى، ئۇنىڭ خىيالىغا نە ئۆزىنىڭ ئىشسىز، ئۆي - ماكانسىزلىقى، نە ئۇستىۋېشىنىڭ مەينەت، دىۋانە سۈپەتلىكى كىرىپ چىقمايتتى. ھەتتا قورسىقىنىڭ ئاچلىقى، يانچۇقىدا بولسا بىر نان كەلگۈدەك پۇلنىڭمۇ يوقلۇقى ئۇنىڭ ئۇچۇن بەرىبىر ئىدى. كەچتە نېمە يەپ، نەدە ياتارمەن دەپ ئويلاپمۇ قويمايتتى. ئەكسىچە بىر كىملەرنى قۇچاقلىغۇسى، يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ چىشلىگۈسى، پۇتلىرى ئېگىلىپ ئاۋارە قىلمىغان بولسا، بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ، خۇددى ئايروپىلان سۈرئىتىنى بارغانسېرى تېزلىتىپ، لىككىدە ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندەك ئۇچۇپ كەتكۈسى كېلەتتى.

ئۇنىڭ شۇنچىۋالا خۇشال بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى: بايا دوختۇرخانىغا جىددىي قان لازىم بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ باشقا ۋاقىتلاردا يارىمايدىغان قېنى بۈگۈن گەپ - سۆزسىزلا

ياراپ قالغانىدى . ئۇ قان ساتقان ئازغىنا پۇلنى قاۋاقخانىدىكى قەرزگە تۆلىۋېتىپ ، ئاشقىنىنىڭ ھەممىسگە ھاراق ئېلىپ ئىـچىۋالغانىدى .

دېــمەك ئۇ گۆش ۋە سۆڭەكتىن ئىبارەت بولغان بەدىنىنى ھاياتلىق بىلەن تەمىن ئېتىدىغان قاننى سېتىپ ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئاشۇ گۆش ۋە سۆڭەكتىن ئىبارەت بولغان بەدەننى چىرىتىدىغان زەھەرنى سېتىۋېلىپ ئىچەلىگىنى ئۇچۇن ئاشۇنداق شادلانغانىدى .

## قايتۇرما زەربە

يەكشەنبە .

بۇ يەرنىڭ يەكشەنبىسى ھېچ يەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ . سودا ـ سېتىق ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپتىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان سان ـ ساناقسىز كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ ، ھەپتە بويى مۇشۇ كوچا ـــ مۇشۇ بازاردا « بازارلىق » لار گويا يەكشەنبە كۈنى بازارغا چىقمىسا ، ئەتىسى بۇ يەرنىڭ تىرىنىلىكىدىن ئۈچۈرۈپ تاشلىنىدىغاندەك ھەممىسى دېگۈدەك چىقىپ بازار ئايلىنىشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىلا ئۈچەيدەك تار كوچىلار ئادەم بىلەن لىق تولۇپ ، بىرەر جىددىي ئىش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭغان ئادەم ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كېتىدۇ .

بۈگۈنكى يەكشەنبە كۈنى مەن ئۈچۈنمۇ ئاشۇنداق بولدى . كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئون يىل بولۇپ قالغان بىر جانجىگەر دوستۇم تۇيۇقسىز تېلېفون بېرىپ ، شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ بېكەتتە مېنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى . ئالدىراپ يولغا چىقتىم . بىراق ، مەھەللە كوچىسىدىن بازار كوچىسىغا چىقىشىم بىلەنلا توسۇلۇپ قالدىم . ئالدىرىماي ، ئالدىغاياقلارغا قاراپ ھاڭۋېقىپ كېتىۋاتقان ، بىر ـ بىرى بىلەن غەم تارتماي پاراڭلىشىپ تۇرۇپ كەتكەن . . . كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئادەم ئۆتكىلى بولمايتتى .

قارىغاندا ئالدىراش ئادەم يالغۇز مەنلا بولمىسام كېرەك .

مەن كەلگەن تەرەپتىن ئىككى ئادەم كېلىپ « پوش ـ پوش ! » دەپ تـوۋلىغىنىچە كىشىلەر ئارىسىغا قىستىلىپ كىردى . ئۇلار بىلەن مېڭىش يۆنىلىشىمىز بىر بولغاچقا ، مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ماڭدىم . بىراق ، ئەمەلىيەتتە « ماڭدىم » دېگۇچىلىك ئىش بولمىدى ، ھەرقانچە ماڭساق بىر ـ ئىككى غېرىچ ماڭغاندىمىز ، يەنە قاپسىلىپ قالدۇق .

ــ مۇنداق تۇرىۋەرسەك كۇن كەچ بولۇپ كېتىدۇ ، ــ دېدى ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ بىرى ، ــ بىزدىن باشقىمۇ ئۆتەلمەي تۇرۇۋاتقان كىشىلەر كۆپكەن ، كېلىڭلار ، ئىتتىرىپ ئۇلارنى سەل ئالدىغا سىلجىتايلى !

بىز ئۈچىمىز بىر بولۇپ ، يولغا كەپلىشىپ تۇرۇۋالغان كىشىلەرنى ئىتتەردۇق . ئەمما بىز ئاز ، ئۇلار بەكمۇ جىق بولغانلىقتىن ، ھېچقانچە نەتىجىسى كۆرۈلمىدى . گەرچە دەسلەپتە ئۇلار بىر ـ ئىككى غېرىچ سىلجىغاندەك قىلىسمۇ ، لېكىن نېمىشقىدۇ كېيىن ھەممىسى ئارقىغا تىرەجەپ مەھكەم تـۇرۇۋېلىشتـى ، ھەتتا « قايتۇرما زەربە » گە ئۆتۈپ بىزنى ئىتتىرىپ ئەسلىدىكىنىمۇ بىر نەچچە قەدەم ئارقىغا ئاپىرىۋەتتى .

قايتۇرما زەربە ئەسلىدە ھەققانىي كۈچلەردىن ئادالەتسىزلىككە ھەمدە توغرا ئىشلاردىن ناتوغرىلىققا بېرىلىدىغان زەربە ئىدى . ئەمما ، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇنىڭمۇ تەتۈرىگە يېنىپ ، يولنى توسقۇچىلاردىن يول ئاچقۇچىلارغا ، ھاڭۋاقتىلاردىن ئىلگىرىلىگۈچىلەرگە بېرىلىدىغان زەربىگە ئايلىنىپ قېلىشى ھەقىقەتەن ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ .

## باھار ئوغرىسى

مال ـ مۈلكىڭىزنى ئوغرى ئالسا، ئۇنى قانۇن ئارقىلىق تۆلىتىۋېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، باھارىڭىزنى ئوغرى ئالسا، ئۇنى قاچان ۋە قانداق تۆلىتىۋالىسىز؟ شۇڭلاشقا، ئوغرىلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىيسى ــ باھار ئوغرىسىدۇر.

زىمىستان زۇلمىتىدىن زېرىككەن ھەربىر جان ئىگىسى ھەر ئەتىيازدا سۆيۈملۈك باھارنى تەقەززالىق بىلەن زارىقىپ كۈتىسمۇ، لېكىن ئاشۇ ئەتىيازنىڭ قايسى مەۋسۇم، قايسى سائەتتە باھارنىڭ باشلىنىش ۋاقتىسى ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ پاقا بىلەن ھۆپۈپتەك ئېنىق بىلمەيدۇ. پاقا بىلەن ھۆپۈپنىڭ ئۆچەكتىن چىققان كۈنى ــ دەل سۆيۈملۈك باھارنىڭ باشلانغان كۈنى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پاقا بىلەن ھۆپۈپ ھەر ئەتىيازدا زىمىستان ئىلكىدىكى ئۆچەكلەر ئارىسىدىن ھەممىدىن بۇرۇن ئويغىنىپ چىقىپ، گەرچە كاككۇكلارنىڭكىدىن زىل بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە خاس تەبىئىي، ساپ ئاۋازى بىلەن سۆيۈملۈك باھارنى تىنىمسىز چىللايدۇ. پۈتكۈل كائىناتقا ئاشۇ گۈزەل باھارنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بار ئاۋازى بىلەن جاكارلاپ، ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، تىنىمسىز تەنتەنە قىلىدۇ. بىراق، باھار ئەلچىسى دېگەن چىرايلىق نام كاككۇكقا مەنسۇپ بولىدۇ. ۋەھالەنكى، كاككۇك قىش ـ زىمىستاندا غىپپىدە باشقا يۇرتلارغا تىكىۋېتىپ، باھار كېلىپ دەل ـ دەرەخلەر ئۇنى يوشۇرغۇدەك بولغاندا ئاندىن قايتىپ

كېلىدىغان تەييارغا ـ ھەييار مەخلۇق ئەمەسمۇ ؟ تېخىمۇ قىزىقار-
لىقى شۇكى ، چىرايلىق كاككۇك جۈپسىراپ تۇرالماي قالغاندا ،
ھېچ مەخلۇققا كۆرسەتمەي پاقا بىلەن جۈپلىشىپ ، ئۆز نەسلىنىڭ
شاھىتلىرى بولغان تۇخۇملىرىنىمۇ باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا
ئوغرىلىقچە تۇغۇپ قويۇپ يەنە تىكىۋېتىدۇ . بۇنى بىلمىگەن بى-
چارە باشقا قۇشلار كاككۇك بالىسىنى بېقىپ چوڭ قىلىش بەدىلىگە
ئۆز بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ . چۈنكى ، نەسلىدىن تۇز كور-
لۇق مىراس قالغان كاككۇك بالىلىرى باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىدا
چوڭ بولۇۋاتقان تۇرۇقلۇق ، دەل ئاشۇ باشقا قۇشلارنىڭ بالىلى-
رىنى ھەرخىل ئاماللار بىلەن ئۆز ئۇۋىسىدىن قىستاپ چىقىرىپ
ئۆلۈمگە مەجبۇرلايدۇ .

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن : سىز كاككۇكلارنىڭ ئۆز ئىسمىنى
تەكرارلاۋېتىپ ، ھەتتا تۈن كېچىلەردىمۇ پات ـ پات قاقاقلاپ
كۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانمۇ ؟ مانا ئەمدى ئويلاپ كۆرۈڭ ،
پاقا بىلەن ھۆپۈپ ئەلچى بولۇپ باھارنى چىللاپ كەلگەن تۇرۇق-
لۇق ، پۈتكۈل دۇنيا كاككۇكنى ئۇلۇغلاۋاتسا ، ئۇ يەنە نېمىشقا قا-
قاقلاپ كۈلمىسۇن ؟!

# ئۆزىنى ئويلاش

بىر كۈنى ئىشخانىدا گېزىت كۆرۈۋېتىپ ، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سۈپەت ـ ساپاسى ستاتىستىكا قىلىنىدىغان ستونغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى . كۆڭلۈمدە : « بىز ئۇيغۇرلار چوقۇم ھەممىنىڭ بېشىدا ، چۈنكى بىز دېگەن قەدىمىي مەدەنىيەتـ لىك مىللەت . كىممۇ ناخشا ـ ئۇسسۇلدا بىزگە تەڭلىشەلەيدۇ ؟ كىممۇ مېھماندوستلۇقتا بىزدىن ئېشىپ كېتىدۇ ؟ » دەپ ئويلىـ دىم .

بىراق ، ئەمەلىيەتتە بىرىنچى قاتارغا يېزىلغىنى ، بىز مەيـ نەت ، قالاق دەپ كۆزگە ئىلمايدىغان مىللەتلەرنىڭ نامى ئىدى . كۆزۈمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قايتا ـ قايتا قارىساممۇ ، بىرىنچىدىن ئوـ نىنچىغىچە بولغان رەت ـ تەرتىپى ئىچىدە « ئۇيغۇر » دېگەن ئىـ سىمنى ئۇچرىتالمىدىم . بۇ نېمە ئىش ؟ مۇندىن مىڭ يىللار بۇرۇن بىزدىن مەھمۇد قەشقىرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئالەمـ شۇمۇل كاتتا ئالىملار چىققان ؛ بۈگۈنكى كۈندىمۇ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە يالغۇز ئىشىك ـ دەرۋازىنىلا ئەمەس ، ھەتتا تۆت تامنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېتىپ ، بۇ جەھەتتە دۇنيانىڭ ئالـ دىنقى قاتارىدا تۇرۇۋاتقان بىر ئىلغار مىللەت ، قانداق بولۇپ سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ ؟!

شۇنداق ، بىز ھازىر ھەممىمىز ئۆزىمىزنىلا ئويلاۋاتىمىز . دەل شۇنداق بولغىنى ئۈچۈنلا روناق تاپالمايۋاتىمىز ، سەپتىن

چۈشۈپ قېلىشۋاتىمىز. بەلكىم بىزنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ مۇشۇنداق بىر ھالەتنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا ئۇلار تۆۋەندىكى ھېكمەتلىك چۆچەكنى بىزگە قالدۇرمىغان بولار ئىدى.

بۇرۇنقى زاماندا بىر يوقسۇل ئائىلە ئۆتكەنىكەن. ئۇلار شۇ دەرىجىدە يوقسۇل ئىكەنكى، ئۇچىسىغا كىيگىلى كىيىممۇ بولمىغانلىقتىن يۇرتتا تۇرالماي جاڭگالغا بېرىپ گەمە كولاپ ياشاشقا مەجبۇر بوپتۇ.

بىر كۈنى ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام تەڭرى بىلەن كۆرۈشكىلى تۇر تېغىغا كېتىۋېتىپ، ئۇلارنى گەمىسى ئالدىدا ئۇچرىتىپ قاپتۇ ھەمدە ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن تەڭرىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ، تىلىكىنى ئىجابەت قىلىش ئۈچۈن دۇئا ئېلىپ قايتىشقا ۋەدە بېرىپتۇ.

دېگەندەك مۇسا ئەلەيھىسسالام تەڭرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۈچ يوقسۇلنىڭ ئەھۋالىنى تەڭرىگە بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ تىلىكىنىمۇ ئىجابەت قىلىشنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ.

— ئى مۇسا، — دەپتۇ تەڭرى، — مەن ياراتقان بەندىلەردىن بەرمەيدىغىنىم، تىلىكىنى ئىجابەت قىلمايدىغىنىم يوق. سەن كۆرگەن ئۇ بەندىلەرگىمۇ مەن بەرگەن. لېكىن ئۇلار بىرى ئاتا، بىرى ئانا، بىرى پەرزەنت تۇرۇپمۇ بىر - بىرىنى ھەرگىز ئويلىمىدى. ئەكسىچە ئۆچلىسى ئۆزىنى ئويلىدى. ئۇلارنىڭ نىيىتى ئاشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، كۆرىدىغان كۈنىمۇ شۇ ئىدى.

خەير بوپتۇ، بېرىپ ئۇلارغا ئېيتقىن، ھەربىرى بىر كېچىدىن تىلەپ چىقسۇن، نېمە تىلىسە شۇنى بېرىمەن.

مۇسا ئەلەيھىسسالام خۇشلۇقتا دەرھال يولغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ ھەمدە تەڭرىنىڭ كالامىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپتۇ. شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا جاڭجال باشلىنىپتۇ. ئاتا بولغۇچى: «مەن ھەممىڭدىن چوڭ، شۇڭا بىرىنچى كېچىسى مەن تىلىنىشىم كېرەك!» دېسە، ئانا بولغۇچى: «مەن ئاجىز مەزلۇم، بىرىنچى نۆۋەت مېنىڭ!» دەپتۇ. ئاخىر مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كېلىشتۈرۈپ، بىرىنچى كېچىنى ئانىغا، ئىككىنچى كېچىنى ئاتىغا، ئۈچىنچى كېچىنى ئوغلىغا بۆيرۈپتۇ. ئۇلار تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ. نامازشام بولۇشى بىلەن تەڭ ئانا تىلەشنى باشلاپتۇ:

— ئى قۇدرەتلىك ئاللا، كارامىتىڭنى بىر كۆرسىتىپ، مېنى ئون تۆت ياشلىق، تەڭداشسىز بىر مەلىكىگە ئايلاندۇرۇپ قويساڭ، بۇ لەنىتى يەردىن قۇتۇلۇپ، شاھزادىلەر بىلەن ئوردىدا ياشىسام...

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، ئانا ئورنىدىن ئون تۆت ياشلىق مەلىكە بولۇپ قوپۇپتۇ — دە، ئۇۋغا چىقىپ ئېزىپ قېلىپ بۇ گەمە ئالدىغا كەلگەن بىر شاھزادە بىلەن كېتىپ قاپتۇ.

ئىككىنچى ئاخشىمى ئاتا تىلەپتۇ:

— ئى كەرەملىك تەڭرىم، ئوتتۇز يىل بىر تەكىيگە باش قويغان ئېرىدىن كېچىپ، ھەتتا يۈرەك باغرىنى يېرىپ چىققان بالىسىنىمۇ تاشلاپ كەتكەن شۇ تۈز كورنى توڭگۇزغا ئايلاندۇرۇۋەتكىن!

دېگەنىدەك، كەچكە يېقىن بىر مېكىيجىن گەمە ئالدىغا كېلىپ، يۈز — كۆزلىرىنى بوسۇغىغا يېقىپ تارام — تارام ياش تۆكۈپتۇ. بىراق، ئاتا ھەرگىزمۇ ئىشىكنى ئاچقىلى ئۇنىماپتۇ.

كەچ كىرگەندە ئوغلى ئولتۇرۇپ تىلەپتۇ:

— ئى، مېھرىبان ئاللا، بىچارە ئانامنى بۇرۇنقى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرگەيسەن!

ئەتىسى ئەتىگەندە ئانا ئۆز ئەسلىگە كېلىپ قوپۇپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ياندۇرقى قېتىم تۇر تېغىغا كېتىۋېتىپ گەمە ئالدىغا كەلگەندە ئۇلارنى ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە كۆرۈپ ھەيران قېلىپ سوراپتۇ:

— بۇ نېمە ئىش؟ تەڭرى سىلەر نېمە تىلىسەڭلار شۇنى بېرىشكە ماقۇل بولغان، ئەجەبا تىلىگىنىڭلارنى بەرمىدىمۇ؟

— بەردى، — دەپتۇ ئۇلار بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، — تەڭرى بىز نېمىنى تىلىگەن بولساق دەل شۇنىڭ ئۆزىنى بەردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قايتا سوراپ ئەھۋالنى تەپسىلىي ئۇقـقاندىن كېيىن:

— ئەمدى چۈشەندىم. ئەسلىدە ئاللاتائالا نىيىتىڭلارغا بېـقىپ بەرگەنىكەن. ئۇچۇڭلار بىر ئائىلە كىشىلىرى تۇرۇپ بىر — بىرىڭلارنى ئويلاشنىڭ ئورنىغا ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنىلا ئويلـساڭلار، بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

مـاقۇل، بۇنىڭغۇ بىر رىۋايەت دەيلى، ئۇنداقتا ھازىرقى زاـماندا كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان، ئاشۇ رىۋايەتنىمۇ بېسىپ چۈشىدىغان ئىشلارغا نېمە دەيمىز؟ پۈتكۈل جەمئىيەتنى قاپلاپ كەتكەن ساختا مال؛ قاتتىق زەربە بېرىلىۋاتسىمۇ يەنە يۈز بېـرىۋاتقان ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق؛ ھۆكۈمەت شۇنچە كۈچەپمۇ تۈگىتەلمەيۋاتقان پارىخورلۇق، ھەتتا ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا قىـلىنغان ئىئانىگىمۇ خىيانەت قىلىش قاتارلىقلارنىڭ تۈپكى مەنبەسى نېمە؟ بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، يەنىلا ئۆزىنىلا ئويلاشتىن ئىبارەت.

تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ، بۇ خىلدىكى ئېچىنىشلىق
تەتۈر قىسمەتلەر بۈگۈنكى دەۋردىكى ئادەملىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا
بىر خىل تاقەتسىز دۆتلۈكنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈ-
شەندۈرىدۇ ، خالاس . چۈنكى ، دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى
بىر ـ بىرىگە ئوڭ تاناسىپ بولىۋەرمەيدۇ . دېمەك ، ئۆزىنى
ئويلاشمۇ كېيىنكى ئەمەلىي نەتىجە بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولۇپ ،
ئادەم پەقەت ئۆزىنىلا ئويلىسا ، ئەلۋەتتە باشقىلار بىلەن كارى بول-
مايدۇ ، نەتىجىدە باشقىلارنىڭمۇ كارى بولمايدۇ ـ دە ، ئىنسانىيەت
دۇنياسىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قالىدۇ . ئەكسىچە ،
ئادەم باشقىلارنىمۇ ئويلىسا ، باشقىلارمۇ ئۇنى ئويلايدۇ . بۇ بىر ئا-
دەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئويلىغىنىدىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ ؟ ئاد-
دىيلا بىر مىسال ئالساق ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پۈتكۈل ئۇيغۇرنى
ئويلىغان . شۇڭا ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى مۇتلەق كۆپ ساندىكى
ئۇيغۇر ئويلايدۇ ، سېغىنىدۇ . ناۋادا ئۇمۇ ئۆزىنى ئويلىغان بولسا ،
بۈگۈن ئۇنى كىممۇ ئويلار ئىدى ؟

شۇڭا ئۆزىنى ئويلاشنى ئويلىغان ھەر بىر ئادەم ئاۋۋال
باشقا قېرىنداشلىرىنى ، يۇرت ـ ۋەتىنىنى ئويلىمىسا ، ئۇنىڭ تەق-
دىرىمۇ ئەلۋەتتە تەتۈر قىسمەتلەرگە قېتىلىپ كېتىدۇ .

## نەسىھەت

جۇمە نامىزىنىڭ ۋاقتى قىستاپ قالغاچقا ، ئالدىراپ تەرەت ئېلىشقا تۇتۇندۇم . تەبىئىيكى يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككى قولۇمنى جەينەككىچە يۇيۇش ئۈچۈن چاپاننى سى- لىپ يېپىنچاقلىۋېلىشقا توغرا كەلدى .

تەرەت ئېلىپ بولۇپ ئالدىراپ مەسچىتكە يول ئالدىم . تەك يولغا بارغاندا بىر تونۇش ئادەم ئۇچرىدى . گەرچە ئۇنىڭ ئىسمى ئېنىق ئېسىمدە قالمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئادەتتە ھەر قېتىم ئۇچراشساق سالاملىشىپ ئۆتەتتۇق . بۇ قېتىممۇ سالاملىشىپ ئۆ- تۈپ كېتىۋاتسام ، ئۇ ئالاھىدە يېنىمغا كېلىپ ، مەخسۇس قول ئې- لىشىپ كۆرۈشتى ، ئاندىن بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىپ قول باغلاپ تۇرۇپ دېدى :

— چاپانىڭ يېڭىنى سىپىۋالسىلا ، بەك يامان بولىدۇ .

مەن شۇ چاغدىلا بايا تەرەت ئېلىپ بولۇپ نامازغا ئال- دىراپ ، چاپاننى يېپىنچاقلىغان پېتىم چىقىپ كەتكىنىمنى ھېس قىلدىم . بىراق ، ھېلىقى تونۇشۇمنىڭ خورازنىڭ تاجىسىدەك قى- زىرىپ كەتكەن يۈز - كۆزلىرىدىن ، بايا كەينىگە بىر قەدەم چې- كىنگەندىكى دەلدەڭشىپ ۋە سۇ ئىچىپ بېشىنى كۆتۈرگەن كال- دەك تىنىماي كالپۇكىنى يالىشىدىن ئۇنىڭ مەست ئىكەنلىكىنى بى- لىپ ، ھەرگىزمۇ يېڭىمنى ساپقۇم كەلمىدى .

ئايدا - يىلدا ئۆزىنىڭ كىم ؟ نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى

ئويلاپمۇ باقمايدىغان ، ھەتتا ئاخشىمى مەست يېتىپ ، كېچىچە قۇسۇپ ، ئەتىسى يۈزىنىمۇ يۇماستىن يەنە ھاراق بىلەن ناشتا قىلىدىغانلارنىڭ مەسچىتكە ماڭغان ئادەمگە نەسىھەت قىلىشى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدۇ . بىراق بۇنىڭغا ئوخشاش نەسىھەتلەر بىزدە سامان نەرقى . بىزدە بېخىلنىڭ سېخىيغا ، نادانىنىڭ داناغا ، ساۋاتسىزنىڭ ساۋاتلىقلارغا ، هارۋىكەشنىڭ شوپۇرغا ، ياشلارنىڭ قېرىلارغا ، مۇناپىقنىڭ ۋىجدان ئەھلىگە نەسىھەت قىلىشى بىر دائىمىي ئادەت . ھەتتا مەتبۇئات يۈزىدە دەبدەبىلىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ غەيۋەتخورلۇقنى سۆككەن شۆھرەتلىك « يازغۇچى » بىلەن ئۇچرىشىپ ھەمسۆھبەت بولۇپ قالسىڭىز ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ غەيۋەتتىن باشلىنىپ ، غەيۋەت بىلەن ئاياغلاشقانلىقىنى كۆرىسىز . شۇڭلاشقا ، قارىماققا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان تەتۈر قىسمەتلەردىن ھازىرچە ھەيران قالمىساقمۇ بولىدۇ .

شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى ، ھازىرقى بىلەرمەن ـ ۋالاقتەڭكۈر نەسىھەتچىلىرىمىز باشقىلارغا نەسىھەت قىلىشتىن ئاۋۋال « مەن زادى قانچىلىك ؟ » دەپ ئۆزىگە سوئال قويۇپ باقىدىغان بولغانغا قەدەر تەتۈر قىسمەتلەردىن قۇتۇلمىقىمىز خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت .

## ئىلان

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەسلىدە تەڭرى ئىنسانلارغا جان ئاتا قىلغاندا، ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز قۇدرەت ئىگىسى، تەڭداشسىز سېخىيلىق سۈپىتى بىلەن جاننى مەڭگۈ ئىلىۋالماسلىققا بەرگەنمىش. بىراق، ئىنسانلار نەچچە مىڭ يىللار ياشاۋېرىپ ياشاشتىنمۇ تويۇپ، ئۆزىنى تاشلاپ قويماي ياتقانمىش. ئۇلارنىڭ تېگىدىن ئۈنۈپ چىققان قومۇشلار بەدىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ، تېرەك بىلەن تەڭ ئۆسۈپ كەتكەنمىش. شامال چىققاندا قومۇشلار لىڭشىسا، ياتقان ئادەملەر: « قاپىقىم تارتىپ كەتتى » دېيىشىدىكەنمىش. ئاخىر ئۇلار يىغلاپمۇ زېرىكىپ، تەڭرىنىڭ ئالدىغا دەۋا قىلىپ بېرىپ، جېنىنى ئالدىغان قىلغانمىش.

بۇ گەرچە بىر رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن ھەر قانداق نەرسىنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەندە، ئۈمىد كۈتكەننىڭ ئەكسىچە تەتۈر نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھازىر رادىئو – تېلېۋىزورلاردا گويا « موزايلىق ئىنەككە سېتىۋالغاندەك » ھەر كۈنى تەكرار – تەكرار كۆرستىلىدىغان بىر قىسىم پروگراممىلارمۇ دەل ئاشۇنداق — ئەكسىچە نەتىجە بەرمەكتە.

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا « رونا » ماركىلىق گىرىم بۇيۇملىرى ھەققىدە بېرىلگەن تەكرار – تەكرار ئېلانلار ئەزەلدىنلا ئىستىخىيىلىك سودىغا كۆنۈپ كەتكەن ئېگىمىزغا بىردىنلا تەسىر قىلىپ، « رونا » ماركىسىنى مىسلىسىز بازار تاپقۇزدى. شۇ

چاغلاردا گىرىم بۇيۇملىرى ساتقۇچى بىر پىر كازچىكنىڭ : « توۋا ، بۇ خەققە نېمە بولغاندۇ ؟ ھەممىسى كېلىپ ‹ رونا › لا دەيدۇ . . . » دېگىنى ئېسىمدە .

بىراق ، نەچچە يىل ئۆتۈپ كىشىلەر « رونا » غا شۇ قەدەر تويۇپ كەتتىكى ، ھەتتا سەھنىلەرگىمۇ « رونا ماركىلىق مانتا » دېگەن ھەجۋىي ئىبارىلەر ئېلىپ چىقىلىپ مەسخىرە قىلىندى . شۇنىڭدىن باشلاپ گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ بىردىكى « رونا دەۋرى » ئاخىرلىشىپ ، « رونا » دېگەن ماركا پوكەيلەردە بويۇن قىسىپ قالغان بىچارىگە ئايلىنىپ قالدى . مانا بۇ ئايلاپ - يىللاپ تەكرار ئاڭلىتىلغان ئېلاننىڭ ئەكسىچە نەتىجىسى بولماي نېمە ؟

ئۇنىڭدىن كېيىن « جىيا جىيا كالتىسي » نىڭ ئېلانى ئۇ-ۋىسىدىن چىقىپ ، خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلۇپ كەتكەن ھەرىلەردەك ھەممە يەرنى بىر ئالدى . دەسلەپتە بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار تېخى ئاجىز ، تاماق يېگىلى ئۇنىمايدىغان باللارغا ئېلىپ ئىچكۈزگەنىدى . لېكىن ، تېلېۋىزوردا نەچچە ئايغىچە زېرىكمەي ئۇدا ئاڭلىتىلىۋەرگەچكە ، ھەر كۈنى ئاڭلاۋېرىپ زېرىككەن باللار ئاۋۋال ئېلاننى دوراپ ئويناشتى ، كېيىنرەك « جىيا جىيا كالتىسي ، شەيتان ماڭقىسى ، ئۇنى ئىچىدۇ ئەخمەق خالتىسى » دېگەن قوشاقنى پەيدا قىلىشتى . بۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئالغۇسى ، ئىچكۈسى بارلارمۇ « ئەخمەق خالتىسى » دەپ ئاتىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ ئېلىشتىن ، ئىچىشتىن ۋاز كېچىشتى .

بۇ يەردە بەلكىم ئاشۇ ئېلانلارنى بەرگۈچىلەر بىر مۇنچە سانلىق مەلۇماتلارنى مىسال كەلتۈرۈپ ، ئاشۇ ئېلانلارنىڭ ياراتقان ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئىسپاتلىشىمۇ مۇمكىن . بىراق بۇ خۇددى « ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ » دېگەنگە ئوخشاش ئىش بولۇپ ، گەرچە ئېلان جېگى ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى بىر

نـەچچە ئايدا سېتىلىش نىسبىتىنىڭ ئاشقانلىقى ئېنىق بولسىمۇ ، لېكىن بىر نەچچە يىل بويىچە ھېسابلىغاندا « ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويماپتۇ » دېگەنگە ئوخشاش ، ئۇ ئازغىنا پايدىنىڭ ھېچ-نېمىگە دال بولالماسلىقى تېخىمۇ ئېنىق ئىدى .

تېخىمۇ خەتەرلىكى — مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىگە تايانماي ئېلانغىلا تايىنىش ، ھەدەپ ئېلان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ كىشى-لەرنى بىزار قىلىۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر . ئېلان ئىككى خىل بولىدۇ : بىرى ، مەھسۇلاتلارنىڭ ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى ئېلان قىلىشى بولۇپ ، بۇنى تەبىئىي ئېلان دېيىش مۇمكىن . يەنە بىرى ، مەھسۇلات ئىگىلىرىنىڭ دۇنيادىكى بارلىق چىرايلىق سۆز - ئىبا-رىـلەرنى يىغىپ كېلىپ ، ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى بولۇشىغا ماختىشى بولۇپ ، بۇنى سۈنئىي ئېلان دېيىش مۇمكىن . مۇقەررەركى تەبى-ئىـي ئېلان مەھسۇلاتلارنى خۇددى ياپون ، گېرمان ماللىرىدەك مەڭگۈلۈك بازار تاپقۇزىدۇ . ئەكسىچە ، سۈنئىي ئېلان قانچىلىك دەبدەبىلىك ، قانچىلىك شېرىن سۆزلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، مەھسۇلات ئەمەلىيەت ئالدىدا چېچىلىپ ، خۇددى « يالغانچى بالا » دېگەن مەسەلگە ئوخشاش ئاخىر ئۆزىنى خانىۋەيران قىلىدۇ .

ئەمما بىزنىڭ باشقىلارنىلا ئەمەس ، ھەتتا ئۆزىمىزنىمۇ ئالداشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئېگىمىزغا سۈنئىي ئېلانلاردىن ۋاز كېچىش بۇ ئەسىر ئىچىدە سىغمىسا كېرەك . شۇڭا ، قىلچە نەتىجە چىقمايدىغان راست گەپنى قىلىپ « سۈنئىي ئېلانغا تايانمايلى ! » دېگەندىن كۆرە ، « بارىكاللا مۇشۇنداق ئېلانلارنى كۆپەيتەيلى ! » دېگىنىمىز تۈزۈكتەك قىلىدۇ . چۈنكى ، شەيئى تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتكەندە ئۆز ئەكسىگە قايتىدۇ ئەمەسمۇ ؟! دېمەك ، ئەك-سىگە قايتىدىغان نەرسىنىڭ ئەمدى تېزرەك قايتقىنى ياخشى .

# دوستلۇق ئۇرۇشى

دۈشمەنلىكنىڭ تەتۈرى دوستلۇق ، دوستلۇقنىڭ تەتۈرى دۈشمەنلىك . دۈشمەن بىلەن دوست ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق بولۇشى مۇمكىن بولمىغاندەك ، ئەقەللىي ساۋات بويىچە ئېيتقاندا ، دوست بىلەن دوست ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس . ئۇنداقتا دوست بىلەن دوست ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشۇشنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ؟ بۇنىڭغا ئەڭ ياخشىسى ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزى جاۋاب بەرسۇن . چۈنكى ، گەرچە نەزەرىيە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلسىمۇ ، لېكىن نەزەرىيە جاۋاب بېرەلمىگەن ياكى مۈجمەل جاۋاب بەرگەن نەرسىلەرگە هامان ئەمەلىيەت ئەڭ توغرا ، ئەڭ ئېنىق جاۋاب بېرەلەيدۇ .

ئۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنى قىيامەتلىك دوستلار ، دەپ ئاتىشاتتى . دېمىسىمۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىدىن باشلاپ تـولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە بىر سىنىپتا ئوقۇپ ، ئاشۇ بالىلىق دەۋرىدە دوست بولۇشقانچە تاكى يېشى 40 تىن هالقىپ ، ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ يېرىمى تۈگىگۈچە هەممە ئىسسىق ـ سوغۇقنى تەڭ تارتىپ كەلگەنىدى .

بـۇ گۈنمۇ B ئەپەندىنىڭ سۆيۈملۈك قىزى سەئىدەنىڭ يۈرەك ئوپېراتسىيىسى قىلىنىپ ، بالنىتسىدىن ساق ـ سالامەت چىققانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ، A ئەپەندى ئۇلارنى پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە ئۆيىگە چاقىردى .

— خوشه ! — دېدى ساھىبخانا تۇنجى قەدەھنى قولىغا ئېلىپ ، — قىزىمىز سەئىدەنىڭ ، شۇنداقلا ھەممىمىزنىڭ سالا-مەتلىكى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى !

ئۇلار « سالامەتلىك ئۈچۈن » ئىچىشتى .

يالغۇز ئۇلارلا ئەمەس ، بىزدىكى ئىچەرمەنلەرنىڭ ھەممە-سىلا دېگۈدەك « سالامەتلىك ئۈچۈن » دەپ ئىچىشىدۇ . بىراق ، ئىچكەنلەرنىڭ تولىسى ئىچىملىك سەۋەبىدىن سالامەتلىكىدىن ئاي-رىلىپ قالىدۇ . بۇمۇ تەتۈر قىسمەتلەرنىڭ بىر قىسمى بولسا كې-رەك . ئەمما ، تېخمۇ تەتۈرلۈك — سورۇن ئاخىرىدا ئىككى قە-دىناس دوستنىڭ بىر - بىرىگە دوستلۇق مېھرىنىڭ ئېشىپ كې-تىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغىنى بولدى !

يەنە شۇ تەتۈر قىسمەتلەر : بىز تۇرمۇشتا بىرەر پېشكەللىكە يولۇقۇپ قالساق ، دەردىمىزنى ھاراق بىلەن تۆكەتمەكچى بولۇپ ، بولۇشىغا ئىچىمىز . مىڭلاپ ئەپسۇسكى ، مەستلىك دەردىمىزنى تۆكتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن ، دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇپ ، كۆ-تۈرۈپ قوپقۇسىز قىلىۋېتىدۇ . ئۇلارمۇ تېخى تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان نارەسىدە قىزىنىڭ يۈرەك كېسىلى بولغانىدىن تارتىپ ، ئوپېراتسىيەدىن چىققانىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى تارتقان دەرد-لىرىنى سۆزلىشىپ ، ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىشتى . ئاياللار كېچە سائەت ئىككىگىچە ئولتۇرۇپ بېقىپ ، ئاخىر ئىچكەركى ئۆيگە كى-رىپ ئۇخلاپ قېلىشتى . بولۇپمۇ سەئىدە ياخشى ئارام ئالمىسا سالامەتلىكىگىمۇ پايدىسىز ئىدى . شۇڭا ئۇ بۇ ئۆيدىكى تەڭ دې-مەتلىك قىز دوستلىرى بىلەن بالدۇرلا يېتىۋالغانىدى . بىراق ، كېچە سائەت ئۈچتە B ئەپەندى « كېتىمىز » دەپ تۇرۇۋالدى . ئۇلارنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدە ئىدى . نەچچە قېتىم بۇلاڭچىلىق ! بەرگەن بولۇپ چىراغسىز ئارقا كوچىدىن ئۆ-

تەتتى . ياخشى يېرى ، ئۆيى ئىدارىنىڭ ئىچىدە بولغانلىقتىن ، سىرتتىن كېلىدىغان ئوغرى ـ يالغاندىن خاتىرجەم ئىدى . شۇڭا A ئەپەندى دوستلۇق كۆڭلى بىلەن ئۇلارنى قونۇپ قېلىشقا دە- ۋەت قىلدى ، بىراق B ئەپەندى زادىلا ئۇنىمىدى . ئۇمۇ دوستلۇق كۆڭلى بويىچە : « دوستۇمنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەي » دەپ ئويلايتتى . ئۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ ، ئايالى بىلەن قىزى سەئىدەنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئىچكەركى ئۆيگە ماڭدى . ناۋادا ئۇلار راستتىنلا كېتىپ قالسا ، بۇ كېچىدە بىرەر ئىش چىقمايدۇ دېگىلى بولمايتتى . شۇڭا A ئەپەندى ئۇلارنى قەتئىي توسۇپ قال- ماقچى بولۇپ B ئەپەندىنى تۇتۇۋېلىپ ، مەجبۇرىي ھالدا سۆرەپ ئەكېلىپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى . بۇنىڭدىن رەنجىگەن B ئەپەندى A ئەپەندىنىڭ كانىيىدىن ئىتتىرىۋەتتى . شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇقتىن كېلىپ چىققان بىر قە- پەس « ئۇرۇش » پارتلىدى .

بۇ ھەممە نەرسە تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتكەندە ئۆز ئەكسىگە قايتىدۇ ، دېگەن ئۇقۇمنى ئىسپاتلامدۇ ؟ ناتايىن . چۈنكى ھەممە نەرسىنىڭ چېكى بولسىمۇ ، دوستلۇق ، مۇھەببەتنىڭ چېكى بولمايدۇ . ئۇنداقتا دوستلۇق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئۇرۇشنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ؟ بۇنىڭغا پەقەت خاراكتېرنىمىز- دىكى ۋە قىسمىتىمىزدىكى تەتۈرلۈكتىنلا جاۋاب تېپىش مۇمكىن .

## تەگلىك ۋە تەگسىزلىك

ئۇ ، سېكرېتارنىڭ ئىشخانىسىغا ئەرز قىلغىلى كىرىپ سۆزلەپلا كەتتى :

— مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەم يۇرتداش ، ھەم ساۋاقداش ، تېخى ئۇنى پارتىيىگە مەن تونۇشتۇرغان . دېمەك ئۇنىڭدىن پار- تىيە ستاژىمىمۇ ئىككى يىل ئارتۇق . شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن بۇ قېتىم ئۇ ئۆستۈرۈلۈپ مەن قېپقالىمەن ؟ مېنىڭ زادى نەرىم ئۇنىڭدىن كەم ؟ مېنىڭ گۇناھىم زادى نېمە ؟! مۇنداق تەگسىزلىككە قانداق چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ ؟!

بۇ يەردە سېكرېتارنىڭ ئۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بەرگەن- لىكى بىزگە ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەس ، مۇھىمى جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خۇددى ئاشۇ دەۋاگەرگە ئوخشاش تەتۈر تەگلىك تەلەپ قىلىشىنىڭ نەقەدەر يولسىزلىق ئىكەنلىكىنى بى- لىشتىن ئىبارەت . مۇنداق تەتۈر تەگلىك تەلەپ قىلغۇچىلار بىز- نىڭ ھاراقسىز ئۆتكۈزۈلمەيدىغان مېھماندارچىلىق ، توي - تۆ- كۈن ، ھېيت پەتىسى ۋە باشقا تۈرلۈك سورۇنلىرىمىزدا تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىشىدۇ .

— بولىدى ، يەنە ئىچسەم مەست بوپقالىمەن دې- دىڭمۇ ؟ ئەجەبا سەن مەست بولماي شيەنجاڭ ( ھاكىم ) بولماقچىمىدىڭ ؟ ھاراق ئىچكەندىكەن مەست بولىدىغان

گەپ ، ئىچە !

ــــ مەن ئىچەلمەيمەن ، ئاشقازىنىمنىڭ دەردى بار ، ئىچە-سەممۇ سىڭمەيدۇ .

ــــ قۇرۇق گەپ ، خۇدا ھەممىمىزنى ئوخشاش ياراتقان ، بۇ سورۇنغا تەڭ كىردۇق ، تەڭ ئىچىمىز ، تەڭ كېتىمىز ، نېمە بولساق تەڭ بولىمىز ، قېنى ئىچە !

گەرچە ئاشۇنداق سورۇنلىرىمىزدا « تەڭلىك » دەۋاسى قىلغۇچىلار مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرسىمۇ ، لېكىن ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ سۆزلىرى پۈتۈنلەي يالغان . چۈنكى ، ھېچكىم ھېچكىم بىلەن تەڭ ئەمەس ، ھەتتا بىر قورساقتا بىللە يېتىپ ، بىر كۈن ئىچىدە تەڭ تۇغۇلغان قوشكېزەكلەرمۇ مەيلى بوي - تۇرق ، خۇي - مىجەز ، سالامەتلىك جەھەتتىن بولسۇن ، بىر - بىرى بىلەن تەڭ ئەمەس . بىر بىلەكتىكى بەش بارماق تەڭ بولمىغان يەردە ، بۇ دۇنيادا يەنە نېمىلەر تەڭ بولماقچىدى ؟!

ناۋادا بۇ دۇنيادا شۇنداق بىر تەڭلىك قانۇنى يولغا قويۇلۇپ ، بىر يۇرتتا تۇغۇلغان ، تەڭ ئوقۇغان ئادەملەرنىڭ بىرسى ئۆستۈرۈلىدىغان چاغدا باشقىلىرىمۇ تەڭ ئۆستۈرۈلسە ئىشخانىغا پاتارمۇ ؟ پۇقرا بولىدىغان ئادەم قالارمۇ ؟ ناۋادا بىر سورۇندىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تەڭ كېلىپ ، تەڭ ئىچىپ ، تەڭ مەست بولۇپ ، تەڭ ھاجەتخانىغا كىرسە قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقار ؟ ناۋادا دېگىنىمىز ، قۇرۇقلۇق ۋە تاغمۇ تەڭ بولسا ، ئۇ ھالدا دۇنيانىڭ 73% ىنى ئىگىلەيدىغان سۇ پۈتۈن دۇنياغا يامراپ ، ئىككىنچى قېتىملىق توپان بالاسى كېلىپ چىقمامدۇ ؟!

دېمەك ، ھەقىقىي تەڭلىك ئاشۇ تەڭسىزلىكتە مەۋجۇت بو-

لىدۇ . چۈنكى ، تەڭسىزلىك ۋە تەڭلىكنىڭ ھېچقايسىسى مۇتلەق ئەمەس . خۇددى كېچە بىلەن كۈندۈزدىن بىر سوتكا ھاسىل بولغاندەك ، دۇنيانىڭ تەكپۇكلۇقىمۇ ئاشۇ تەڭسىزلىك بىلەن تەڭلىك ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ .

# ئوڭشاش

## 1

ئۇ بىر ئاتا بىلەن بىر ئانىدىن، يەنى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن بولغان پەرزەنتلەرنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ قان ـ قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، بارغانسېرى ياتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولۇشۇپ قان تۆكۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ ھالەتنى ئوڭشىماقچى بولدى. ئۇ ئىنسانلار قەلبىدىكى ياۋۇزلۇق ئورنىغا رەھىمدىللىك، مېھرىبانلىقنى ئورناتقاندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ ياتلىشىش ھالىتىنى ئوڭشاش مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. شۇڭا، بارلىقىنى رەھىمدىللىك، مېھرىبانلىقنى ئورنىتىشقا سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى مۇجەسسەملەنگەنىدى. ئۇ تەڭداشسىز مېھرى ـ مۇھەببەت خاسىيىتىدىن، ئەمالارنىڭ كۆزىنى ئاچاتتى، ھەتتا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن نارەسىدىلەرگىمۇ ھاياتلىق بەخش ئېتەتتى. ئۇنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى شۇ قەدەر چەكسىز ئىدىكى، ھەتتا بىراۋ ئۇنىڭ ئوڭ مەڭزىگە ئۇرسا، ئۇ سول مەڭزىنىمۇ تۇتۇپ بېرەتتى ھەمدە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا ئۈندەيتتى. چۈنكى ئۇ ئۆچمەنلىكنىڭ ئەسلى ئىنسان تەبىئىتى ئەمەسلىكىنى، ياۋۇزلۇق قىلغانلارنىڭ ھامان بىر كۈنى ئاشۇ ياۋۇزلۇقى ئۈچۈن پۇشايمان يېمەي قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

بىراق ئۇ كرېستقا مىخلاندى . ئۇ پەقەت ئىنسان قەلبىگە مېھرىبانلىق ئورنىتىپ ، بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان تەتۈر ھالىتىنى ئوڭشىماقچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ، كرېستقا مىخلانغانىدى .

ئۇ — بۈۋى مەريەم ئانىنىڭ ئوغلى ئىيسا ئىدى . ئۇ شۇ قەدەر مېھرىبان ئىدىكى ، ھەتتا ئۆزىنى كرېستقا مىخلاۋاتقانلارغىمۇ : « ئى تەڭرى ، ئۇلارنى كەچۈرگىن ، چۈنكى ئۇلار شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ ! » دەپ دۇئا قىلغانىدى . گەرچە كېيىن كىشىلەر ئۇنى پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلىشقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئوڭشىماقچى بولغان ھالەت شۇ پېتى قېلىۋەردى .

دېمەك ، ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى ئىنسانىيەتسىز ھالەت ئوڭشالغانىنىڭ ئورنىغا ، ئۇنىڭ ئۆزى « ئوڭشالدى » .

## 2

ئۇ تەڭرى ئۇنىڭغا « ئۆزۈڭ چاپاپ يە » دەپ « چىش » ئاتا قىلغاندىن باشلاپ ، باشقىلار چاپاپ شۆلگەيلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ بەرگەن « تەمسىز غىزا » نى زادىلا يېگۈسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئۇ ئاللا بەرگەن ھەممىلا نەرسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلىتەتتى ، بولۇپمۇ ھەممىدىن بەك ئەقلىنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇنىڭ كاللىسىدا « نېمە ئۈچۈن كېچە بولىدۇ ؟ كېچە بولغاندا قۇياش نەگە كېتىدۇ ؟ راستىنلا كىشىلەر دېگەندەك ، قۇياش ئەتىگىنى چىقىپ ئاخشىمى ئولتۇرامدۇ ؟ ئۇنداقتا ئۇ نەدىن چىقىپ نەگە ئولتۇرىدۇ ؟ » دېگەن سوئاللار ھەمىشە ئە-

گمپ يۈرەتتى .

ئۇ ئاخىر قۇياشنىڭ ئەتىگىنى چىقىپ ئاخشىمى ئولتۇرماي-دىغىنىنى ، ئەكسىچە يەرشارىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەم قۇياشنى ئايلە-نىدىغانلىقى ، ھەم ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئەنە شۇ ئايلىنىشتىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى بايقاپ ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئەلمىساقتىن خاتا قوللىنىپ كېلىن-گەن « كۈن چىقتى ، كۈن ئولتۇردى » دېگەن خاتا ئۇقۇمنى چۈشەندۈردى .

بىراق ، ئاشۇ چاغدىكى مۇتەئەسسىپ دىنىي جەمئىيەت تەرىپىدىن « خۇداسىز » دەپ قارىلىپ ، رەھىمسىزلەرچە كۆيدۈ-رۈپ ئۆلتۈرۈلدى . ئۇ ئوتتا كۆيۈۋاتقان ئاشۇ مىنۇتتا ، خۇدا بەرگەن ئەقلىنى ئىشلىتىشنى بىلمەي ، ئۆزى بىلمىگەنلىكى ئۇ-چۈنلا بىلگەنلەرنى قىرىپ تاشلاۋاتقان ئاشۇ ئۇچىغا چىققان چە-دىماس تەلۋىلەرگە « كۆيدۈرۈش رەت قىلىش ئەمەستۇر ! » دې-گەن بىر جۈملە مەردانە سۆزنى قالدۇرۇپ ، بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى .

ئۇ بۈيۈك ئالىم گالىلى ئىدى . گەرچە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل بايقىشىنى ئىنسانىيەت قانچىلىغان ئەسىردىن كېيىن ئېتىراپ قى-لىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئەلمىساقتىن داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خاتا ئۇقۇمنى ئوڭشىغىنى ئۈچۈنلا ، ئۇنىڭ تەقدىرى كاج ، چىدىماس بەندىلەر تەرىپىدىن يەنە باشقىچە « ئوڭ-شالدى » . ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردىغىنى — ئۇنىڭ باي-قىشىنى ئالللىبۇرۇن ئېتىراپ قىلغان ئىنسانىيەت ، تا ھازىرغىچە ئىزچىل تۈردە يەنىلا « كۈن چىقتى ، كۈن پاتتى » دېگەن خاتا ئۇقۇمنى قوللىنىپ كەلمەكتە . دېمەك ، توغرا ـ خاتانى ئوڭشى-غاندەك قىلغان بىلەن ، ئاخىرقى ھېساباتتا يەنە خاتا تەرىپىدىن تە-

تۇر ئوڭشلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى .

## 3

ئۇ يۇرتىدىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق ، ئەڭ باي ئائىلىنىڭ ئوغلى ئىدى ، قولىنى قايانغا سوزسا بىمالال يېتەتتى . ئۇنىڭ يۇرتىدىكىلىرى كۆزى كۆك ، چېچى سېرىقلارنىڭ ھەممىسىنى « پەرەڭ » دەپ ، تېرىسى قارامتۇللارنىڭ ھەممىسىنى « ھەبەش » دەپ ئاتاپ ، دۇنيادىن قىلچە بىخەۋەر يۈرگەن چاغلاردا ، ئۇ ئائىلىسىنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ، بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە سودا بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن زىيارەتلەردە بولۇپ كۆزىنى ئېچىپ ، ھەممىدىن بالدۇر ئويغانغانىدى . ئۇ ئاشۇ ئويغانغانچە ئۆزىنىڭ شەخسىي بەختىدىن ۋاز كېچىپ ، تېخىچە غەپلەت ئىچىدە دۇنيادىن بىخەۋەر ئۇخلاۋاتقان سۆيۈملۈك بەختسىز خەلقىنىڭ بەختىنى ئىزدىدى . ئۇ بۇ بەختىنىڭ ئاچقۇچى — ئاۋۋال ئاشۇ ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ ئويغىنىشىدا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەچكە ، پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ بايلىقىنى ، ئۆزىنىڭ بارلىق زېھنىي قۇۋۋىتى ۋە ۋاقتىنى ، قىسقىسى بارلىقىنى خەلقنى ئويغىتىشقا سەرپ قىلدى . ئاشۇ قەلبىنىڭ ئىزھارى سۈپىتىدە ، سۆيۈملۈك ئەمما بەختسىز خەلقىنىڭ مىللەت نامىنى ئۆز ئىسمىغا سىڭدۈردى .

ئۇنىڭ يالقۇنتاغدەك يالقۇنلۇق ، زۇلپىقار بىسدەك ئۆتكۈر ، مەرگەن ئوقىدەك دەل شېئىرلىرى ، ئوقۇغان ، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر روھىي سىلكىنىش پەيدا قىلماي قويمايتتى . دەل ئاشۇ سىلكىنىشنىڭ ئۈلگىسىپ ، نادانلىقتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان خەلقنى ئويغىتىشىدىن ئەنسىرىگەن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەت ئۇنى

قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئالدى . بىراق ، « بىگىز تاغاردا تۇرماس » دېگەندەك ، ئۇنىڭ ھەقىقەت نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان يالقۇنلۇق شېئىرلىرى ئەل ئارىسىغا تارقىلىۋەردى . ئامالسىز قالغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت قۇۋلۇق تاكتىكىسىغا ئۆتۈپ ، ئۇنى ئەڭ ئالىي زىياپەتلەرگە تەكلىپ قىلىپ ، يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن تەسىرلەندۈرمەكچى بولدى . بىراق ، قەلبى ئويغاق ئوغلان ئالدىدا ، بۇ ۋاستىلەرمۇ كار قىلالمىدى . تېخىمۇ ئامالسىز قېلىپ شەرمەندە بولغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ، ئاخىر ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ ، جاللاتلىق قىلىچىنى ۋەھشىيلەرچە ئۇنىڭ قېنى بىلەن بويىدى .

ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئويغاق ئوغلى ، ھەقىقىي ئوت يۈرەك شائىرى ــ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىدى . ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ نادانلىق ، قالاقلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان ھالىتىنى ئوڭشاشنى ئارزۇ قىلىپ ، ئاشۇ يولدا كۈرەش قىلغىنى ئۈچۈنلا ، ئەكسىچە ئۆزى تەتۈر « ئوڭشاش » قا دۇچ كەلدى .

4

ئۇ ئۆز ئۆيىنى سۈپۈرۈشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالمايۋاتقان دېھقانلارنىڭ « باھالاش » تىن ئۆتەلمەي جەرىمانە تۆلەشتىن قورقۇپ ، يەكشەنبىلىك ئارام ئېلىشنىلا ئەمەس ، يىلدا بىر كېلىدىغان ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدىمۇ ئارام ئالالماي ئېتىز ـ ئېرىقلارنى سۈپۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى ؛ ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارىنىڭ يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارىنى تىللاپ ، قولىنى كۆزىگە تىقىۋاتقانلىقىنى ؛ يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارلىرىنىڭ بولسا كەنت كادىرلىرى ۋە دېھقانلارنى تىللاپ ، ھەتتا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۆز

كۆزى بىلەن كۆردى . يېغىنلاردا ، يوللانغان دوكلاتلاردا دېھ-
قانلارنىڭ سېلىقى ئازايتىلدى دېيىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئەمەلى-
يەتتە ئۈچ — تۆت خىل سېلىق نامىنىڭ بىرگە قىسقارتىلىپ ،
پەقەت سېلىقنىڭ ناملا ئازايغانلىقىنى ، سېلىقنىڭ ئۆزى بولسا
بارغانسېرى كۆپىيىپ قىرىقتىن ئاشقانلىقىنى ئاڭلىدى . . .

ئۇ پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا پارىخورلۇق مەۋجۇت
بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە بىر بالداق تەرەققىي قىلىپ ، مەخ-
پىي ھوقۇق سودىسى بولىدىغانلىقىنى ، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ-
لەرنىڭ چاقىرىق قەغىزىدىن تارتىپ ، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ كا-
دىر يۆتكەش ئالاقىسى ۋە ھەتتا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تەستىق
ئىمزاسىغىچە نەق پۇل بىلەن مەخپىي سودا قىلىنىدىغانلىقىنى
بىلدى . . .

ئۇ جان قايغۇسىدا دوختۇرخانىغا بارغان بىمارلارنىڭ پۇل
تۆلەپمۇ بالنىتسىغا قوبۇل قىلىنماي نۆۋەت ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلى-
قىنى ، قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن بولسا ، مەسئۇل دوختۇردىن
باشلاپ تاكى چىراغ باشقۇرغۇچىغا قەدەر ئايرىم « كۆڭۈل ئىز-
ھار » قىلمىسا ئوپېراتسىيەنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىغانلىقىنى
كۆردى . . .

ئۇ سەمىمىيلىكنىڭ پاتىڭغا مىنىپ جان بېقىۋاتقان ساخ-
تىپەزلىكلەرنى ؛ مەردلىكنى قالقان قىلىپ ھايات كەچۈرۈۋاتقان
نامەردلىكلەرنى ؛ ئىنساپ — ئەقىدىلەرنى يونۇپ يەۋاتقان ئىنساپ-
سىزلىقلارنى ؛ پۇلنى خۇدادىنمۇ چوڭ بىلىپ چوقۇنۇۋاتقان پو-
چەك روھلارنى ، رىقابەت ئېڭى ئورنىغا ھەسەتنى قوبۇل قىلغان
تار مەنپەئەتنى ؛ قانۇننى قايرىپ قويۇپ ئۆز رايىنى ئۆلچەم قىلى-
دىغان ئادالەتسىزلىكلەرنى ھەممە بۇلۇڭ — پۇچقاقلاردا ئۇچراتتى .
ئەڭ مۇھىمى ، ئاشۇلارنى ھەممە ئادەم كۆڭلىدە ئېنىق بىلىپ

تۇرسمۇ ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالماي ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداپ بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشايدىغان سۇنئىي ئىجتىمائىي مۇھىتنى چوڭقۇر چۈشەندى .

ئەتراپقا باقسىڭىز ئۇنىڭ نۇرلۇق سىماسىنى ، دىققەت قىلسىڭىز ئۇنىڭ تىنىقىنى ئاڭلىيالايسىز .

## تونۇش ۋە ناتونۇش

يۇرتىمىزنىڭ ئادىتىگە ئاساسەن ، قۇربانلىق قىلىنىدىغان قوينى قۇربان ھېيتتىن ئۈچ ئاي بۇرۇن ئالدىم . بىراق ، ئۆيىمىزدە قوي قويغۇدەك جاي بولمىغانلىقتىن ، ئادەتتە بىر قانچە قويدىن ئايرىلمايدىغان قوشنىمىزنىڭ قوتىنىغا ئاچىقىپ قويۇشقا توغرا كەلدى . بازاردىن ئەكەلگۈچە تولا مەرەپ ، ئۆزىنى ھەريانغا ئۇ- رۇپ توختىمايۋاتقان قوي قوتاندىكى قويلارنى كۆرۈپلا ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئۆزىنى قوتانغا ئاتتى . بۇ كۆرۈنۈش ، گويا ئادەمزاتسىز چۆل ـ جەزىرىدە تېنەپ قالغان ئادەمنىڭ بىردىنلا ئادەملەر توپىنى كۆرۈپ ، ئۇلارنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقىنىغا بەكمۇ ئوخشايتتى .

بىراق ، چۆل ـ جەزىرىدە تېنەپ قالغان ئادەم راستتىنلا ئادەملەر قوينىغا ئۆزىنى ئاتسا ، ناۋادا ئۇ خىزىر بولغان تەق- دىردىمۇ ئادەملەرنىڭ ئۇنى « ناتونۇش » ھېسابلاپ ئارىغا ئالماس- لىقى ، ئىشەنمەسلىكى ، ھەتتا چەتكە قېقىشى تۇرغانلا گەپ . خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ، ھېلىقى قوتاندىكى قويلارمۇ بازاردىن ئالغان قوينى بىر ـ ئىككى قېتىم پۇراپ قويۇپ ئارقىسىغا يېنىپ ھەدەپ ئۈسكىلى تۇردى . بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۆز قوۋمىنى « تو- نۇش » ۋە « ناتونۇش » دەپ ئىككىگە بۆلۈپ ، تونۇشلارغا يان بېسىپ ، ناتونۇشلارنى چەتكە قېقىش ـــ ھايۋان بىلەن ئىنسانغا ئورتاق بولغان يەنە بىر تەتۈر قىسمەت ئوخشايدۇ .

ۋەھالەنكى ، بىزنىڭ « تونۇش » لىرىمىزنىڭ قېشىدا شۇنداق مەلئۇنلار باركى ، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئەسكىلىكلىرىگە قاراپ ، ئۇلار بىلەن بىر قوۋمدىن بولۇپ قالغىنىغا ئادەمنىڭ نو- مۇسى كېلىدۇ . بۇنىڭ ئەكسىچە ، « ناتونۇش » ھېسابلانغان ئا- دەملەر ئارىسىدا شۇنداق ئېسىل ئىنسانلار باركى ، چوڭقۇرراق ئويلاپ قارىساق ، دەل ئاشۇلارنىڭ ياخشىلىقى خاسىيىتىدىن بۇ دۇنيانىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز .

ئۇ مېنىڭ باشلانغۇچنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىلا تونۇشقان ساۋاقدىشىم ئىدى . ساۋاقداشلىق ئەلۋەتتە تونۇشلۇقتىنمۇ ئەلا بو- لىدۇ . چۈنكى ، ھېچكىممۇ تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ سانىنى ئۇق- مىسىمۇ ، ئەمما ساۋاقداشلىرىنىڭ سانىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ ؛ ئۇ مې- نىڭ ساۋاقدىشىملا ئەمەس ، بالىلىقتىكى دوستۇم ئىدى . دوستلۇق ئەلۋەتتە ساۋاقداشلىقتىن ئەلا بولىدۇ . چۈنكى ، بىر سىنىپتا ئوقۇ- غان قىرىق - ئەللىك ئادەمنىڭ ھەممىسى ساۋاقداش ھېسابلانسى- مۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دوست ھېسابلىنىدىغانلار بارماق بى- لەن سانىلىدۇ . مېنىڭ ئاشۇ تونۇشۇم ، ئاشۇ ساۋاقدىشىم ، ئاشۇ دوستۇم دەسلەپتە تاماكا كۆشەندىلىرىنى تېرىپ چېكىپ « كى- چىك بەگگە » گە ئايلاندى . كېيىن مەيخورلار قوشۇنىغا قو- شۇلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ « ھۈنەرلىرى » بىلەن بىزدىن ئۆزىنى چوڭ تۇتاتتى . ساۋاقداشلىق ، دوستلۇق يۈز - خاتىرسىدىن بىز بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ قويسىمۇ ، لېكىن بىزنى « قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدىغانلار » دەپ كۆزگە ئىلماي ، ئۆزىنىڭ ئىچى- كەن ئالىي ھاراقلىرى ، ئارىلاشقان « نوچى » لىرى ۋە سەتەڭ- لىرى بىلەن ماختىناتتى .

ئۇ يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەن يىلى ، ئۇنىڭ ساۋاقداش ۋە دوستلىرىلا ئەمەس ، ئاڭلىغان ھەرقانداق ئىنسان نالەت قال-

غۇدەك جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئۇزۇنغا قالماي سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمنامىسى ئېلان قىلىندى. ئەنە شۇ مەلئۇن مېنىڭ قوۋمىم ئىدى! ئەجەبا مەلئۇن بولسىمۇ «تونۇش» بولسىلا شۇنىڭغا يان بېسىپ، شۇنىڭ گېپىنى قىلىشىمىز كېرەكمۇ؟! گەرچە مەلئۇنلۇق تۈرى ۋە دەرىجىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ماھىيىتى تامامەن ئوخشاش. شۇڭا، «تونۇش» دەپ مەلئۇنلارغا يان بېسىش — ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىمىزنىڭ ھالاكىتىنى تېزلىتىدۇ، خالاس.

ئۇ ماڭا تامامەن ناتونۇش بىر ئادەم ئىدى. ناۋادا ئۇمۇ «تونۇمايدىكەنمەن» دەپ كېتىپ قالغان بولسا، يۈز ماشىنىنى توسسا بىرى توختىمايدىغان بۇ سايدا، جەسىتىمنىڭ قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. ئۇنى مەن چاقىرمىغانىدىم (ماشىنا ھادىسىسىدە ھوشىدىن كەتكەن ئادەمنىڭ باشقىلارنى چاقىرالىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش)، بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئۆزى توختاپ، مېنى تونۇمايدىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ماشىنىسىغا ئېلىپ دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغانلىقى ئېنىق. ھوشۇمغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مېنى بالنىتسىغا ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن ئۈچ مىڭ سوم تۆلەپ قويغانلىقىنى بىلىپ، كۆز چاناقلىرىم ئىختىيارسىز نەملەشتى. . . . تېخىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى، ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتۈپ،. قۇربان ھېيت كەلدى. دەل قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئۇ ئۆيىگە كېلىدىغان ئەمەلدار قۇدىسىنىمۇ تاشلاپ، ئىككى ئوغلىنى باشلاپ مەخسۇس مېنى يوقلاپ چىقىپتۇ. شۇچاغدا مېنىڭ يېنىمدا «تونۇش»لار تۈگۈل، ھەتتا ئۆز ئۆيۈمدىكىلەرمۇ يوق ئىدى!

كېيىن مەن ياخشىلىنىپ بالنىتسىدىن چىققاندا، ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدارلىقىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۇ تۆلەپ قويغان

پۇلنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرماقچى بولدۇم . بىراق ئۇ : « ئۆسۈمنى ئۆيلىغان بولسام ، پۇلۇمنى بانكىدا قويغان بولاتتىم . ئىنسانىي ياخشىلىقنىڭ ئۆسۈمى بولمايدۇ ! » دېدى .

ئەنە شۇ خىلدىكى ئۆسۈم تەلەپ قىلمايدىغان ئىنسانىي ياخشىلىقلارنىڭ خاسىيىتىدىن بۇ دۇنيانىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كىممۇ ئىنكار قىلار ؟! ئەجەبا ئەنە شۇ خىلدىكى « ناتونۇش » لار ، بىزنىڭ بەزىبىر « تونۇش » لىرىمىزدىن مىڭ ئەلا ئەمەسمۇ !؟

## پەرداز

گـۈزەللىككە ئىنتىلىش ئەلۋەتتە گۇناھ ھېسابلانمايدۇ . بۇ نـۇقتىنى بەلكىم ئاياللار ئەرلەردىن بەكرەك چۈشەنسە كېرەك . شۇڭـا ئۇلارنىڭ ھەركۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندىن كې- يىنكى كۆڭۈل قويۇپ قىلىدىغان تۇنجى ئىشى — يۈز - كۆزىنى پەردازلاش .

ئەپسۇسكى ، پەردازلاشنىڭ ھەممىسى گۈزەل بولغانغا تەڭ بولىۋەرمەيدۇ ، بەلكى پەردازلاشقا تەشناللار كۈتكىنىنىڭ دەل ئەكسىچە ، قانچە پەردازلىغانسېرى شۇنچە سۈنئىيلىشىپ ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى چىرايىدىنمۇ سەتلىشىپ كېتىدۇ .بۇ نۇقتىنى بەلكىم بەزى ئاياللار ئەرلەردەك چۈشەنمىسە كېرەك . بولمىسا مەن ھەر- كـۈنى ئۈچ ۋاخ ئۇچرىتىدىغان ھېلىقى ئايالغا ئوخشاش ھەددىدىن زىـيادە پەرداز قىلىپ ، جىن - شاياتۇنغا ئوخشاپ قالمىغان بولار ئىدى .

ئۇنىڭ خۇددى ئاتقۇزغان پاختىدەك پاخپىيىپ كەتكەن چـاچلىرى قىزىل ، سارغۇچ ، سۆسۈن رەڭدە ئۈچ خىل بويالغان بولۇپ ، بىزلەرگە دەپ بېرىشچە ئاسماندىكى ھەسەن - ھۈسەنگە تـەقلىد قىلىنغانمىش ؛ چىبەرقۇتتەك يول - يول سىزىقلار چۈش- كەن پېشانىسى ، زاماسكىنى بولۇشىغا چاپقان تاختايدەك ئاقارتىل- غـان بولۇپ ، بۇ « پېشانىسى ئاق » لىقىنىڭ سىمۋولى ئىمىش ؛ چەكتۇرگەن قاش - كۆزىنىڭ كۆك رەڭگە ئۆزگەرتىلگەنلىكى بۇ

تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە ئۇسما قويىغانغا ئوخشايمىش ؛ ئەڭ قىزىقارلىقى يۈزىگە قىلىنغان پەرداز بولۇپ ، ئىككى مەڭزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەركىزىي نۇقتا قانغا ئوخشاش قىپقىزىل ، ئۇنىڭ ئەتراپى ھازىرلا تۈگمەندىن چىققان پوستەكچىنىڭ يۈزىدەك ئاپئاق ، ئەمما « تۈگمەن » دە يۈزىگە ئورناپ كەتكەن ھېلىقى « ئۇن توزانلىرى » ئىككى قۇلىقىغا يېقىنمۇ كەلمىگەن . ( بەلكىم بۇ قۇرلارنى كۆرۈپ قالسا ، دەرھال ئىككى قۇلىقىغىمۇ پەرداز قىلىشى مۇمكىن . )

گۈزەللىكنى سۆيۈش — ھەربىر ئادەمنىڭ ھوقۇقى . شۇڭلاشقا ، ئايالLARنىڭ قانداق پەرداز قىلىۋېلىشى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى . بۇنىڭغىمۇ ئارىلىشىۋېلىش ھېچبولمىغاندا بىر خىل مەدەنىيەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا مەن ھېلىقى ئايالنى نەچچە ئون يىلغىچە كۈندە ئۈچ ۋاخ ئۇچرىتىپ تۇرساممۇ ، تا بۈگۈنگىچە ئۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىگەنىدىم . بىراق ، يېقىندىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىماستىن « شاياتۇن » دەپ ئات قويۇۋېلىپ ، ئۇنى شاڭخو تېمىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى . شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى ، « شاياتۇن » ئەسلىدە ئىنسان كاتېگورىيىسىگە تەۋە بىر ئايال بولۇپ ، ئۇنىڭ كىشىلەر نەزىرىدە « شاياتۇن » غا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ بىر تەتۈر قىسمەت . ناۋادا ئۇ پەردازلاشنىڭ ھەممىسى گۈزەللىككە تەڭ بولىۋەرمەيدىغانلىقىنى ، ئەكسىچە پەرداز چەكتىن قانچە ئاشقانسېرى شۇنچە سۈنئىيلىشىپ ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى چىرايىدىنمۇ ھەسسىلەپ سەتلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولسا ، بۇ تەتۈر قىسمەتكە دۇچار بولمىغان بولار ئىدى .

## جاۋابسىز سوئاللار

سوئال — ئويلىنىشنىڭ ، پىكىر قىلىشنىڭ باشلىنىشى . پىكىر قىلىش بولسا بۇ دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلار ئارىسىدا پەقەت ئادەمگىلا خاس بولغان بىر خىل ئەقلىي پائالىيەت . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئىنسانىيەت « نېمە ئۈچۈن ؟! » دېگەن سوئالنى سوراشنى ئۇققاندىن باشلاپ ، ئاندىن باشقا جانلىقلار توپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ، ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلغان .

سوئال — دۇنيادىكى بارلىق سىرلارنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى . شۇنداق سوئاللار باركى ، گويا قاراڭغۇ كېچىنى ۋاللىدە يورۇتقان چاقماقتا ئوخشاش ، پىكىرلەر زەررىدىن كۆكۈللەر ئاسمىنىغا دەقىقە بولسىمۇ يورۇقلۇق ئاتا قىلىدۇ . خۇددى ئاچقۇچنى قولغا ئالغاندا قۇلۇپنى ئېچىش جەريانىنىڭ يېرىمى ئورۇنلىنىپ بولغانغا ئوخشاش ، بىرەر مەسىلە توغرىسىدا سوئال تۇغۇلغاندىمۇ شۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتى يېرىم ئايدىڭلىشىپ قالغان بولىدۇ .

بىراق ، ئالدىنقى شەرت شۇكى ، « قۇلۇپ » نى ئېچىش ئۈچۈن ھەركىمنىڭ قولىدا ئۆز ئاچقۇچى بولۇشى ، يەنى ھەركىم سوئالنى ئاۋۋال ئۆزىدىن سوراپ ، ئۆزى جاۋاب تېپىشى كېرەك . چۈنكى ، باشقىلار ئالغان تەرەت بىلەن ناماز ئوقۇغىلى بولمىغاندەك ، باشقىلار تېپىپ بەرگەن جاۋاب بىلەنمۇ ئادەم ئۆز تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئەلۋەتتە ھەل قىلالمايدۇ .

شۇڭا، ئاشۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، گەرچە باشقىلارغا ئاللىقاچان ئېلېكترون دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرى قۇچاق ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن بىز تېخى ئەمدىلەتىن تولىمۇ كېچىكىپ سوئال دەۋرىگە كىردۇق. دېمەك، سوئاللار بىزنى كۈتمەكتە. كونا سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بولماي تۇرۇپ، سانسىزلىغان يېڭى سوئاللار تەقەززالىق بىلەن بىزنى كۈتمەكتە...

بۆرە ئۆزىنىڭ توپلىشىپ ھەرىكەت قىلىش، ئوۋدىن ۋاز كەچمەسلىك، سەزگۈرلۈك، قەيسەرلىك ۋە كۆنمەسلىك قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلەر، ھايات ـ ماماتلىققا بېرىپ تاقىلىدىغان بۈگۈنكى رىقابەتتە ئۇتقانلار ھايات قېلىپ، شاللىنىپ كەتكەنلەر بارا بارا يوقىلىدىغان بۇ دۇنيادا ئەلۋەتتە قەدىرلەشكە تېگىشلىك. ئەمما، ئىنسانىيەت ئۇنى باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش كۆندۈرەلمىگەچكە ۋەھشىي دەپ قاراپ، نەسلىنى ئازايتىۋەتتى. ھەتتا بەزى رايونلاردا نەسلىنى پۈتۈنلەي قۇرۇتتى.

دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ناۋادا تەبىئىي رىقابەت ھۆكۈم سۈرۈپ، بۆرىگە ئوخشاش ئۆز كۈچىگىلا تايىنىپ ياشاشقا توغرا كېلىدىغان بولسا، ئاللىقاچان نەسلى قۇرۇپ كېتىدىغان قوي، كۈندىن ـ كۈنگە ھەسسىلەپ كۆپەيدى. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇنىڭ كۆپىيىشىدە ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىنىڭ ئوينىغان رولىغا قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئوينىغان رولى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئادەملەر ئۇنى سۈنئىي ھالدا بېقىپ ـ باشقۇرۇشقا ئۆگىتىش ئارقىلىق، ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يېيىش مەقسىتىدە ئاشۇنداق كۆپەيتتى.

شۇنداق بولغاندا، ئەجەبا بۆرىنىڭ كۆنمەسلىك، قەيسەرلىك ۋە باش ئەگمەسلىك قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ ئازلاپ

كېتىشىگە ، ئەكسىچە قوينىڭ ياۋاشلىق ۋە ھەممىگە كۆنۈش خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتامدۇ ؟ ئۇنداقتا قوي ياۋاشلىقىدىن پەخىرلىنىشى كېرەكمۇ ؟ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتى پەقەت ئىنسانلارغا قۇربانلىق بولۇشتىمۇ ؟!. . .

# ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا ، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس

بىز ھەممىمىز ئانىنى قەدىرلەيمىز . چۈنكى بىز ھەممىمىز ئانا ئارقىلىق بۇ دۇنياغا كەلگەن ھەمدە ئانىنىڭ چەكسىز مېھرى ـ مۇھەببىتى ئارقىلىق ئۆسۈپ چوڭ بولغان . بۇ يالغۇز بىزگىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئەقەللىي ساۋات .

پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان يەنە بىر ئەقەللىي ساۋات ۋەتەننى سۆيۈشتىن ئىبارەتتۇر . چۈنكى ، ۋەتەن ھەربىرىمىزنىڭ ئانىسىدەك مىليونلىغان ئانىلارنىڭ ئانىسى . خۇددى خەلقىمىزنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرىدە : « ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا ، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس » دەپ ئېيتىلغانغا ئوخشاش ، پەقەت ئانا ۋەتەن ئامان بولغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئامان بولالايدۇ .

ئەمما بىز پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭلا ئەمەس ، بەلكى يەرشارىدىكى تۆرت ئىككى مىليارد خەلقنىڭ يېتىشتىغان پۈتكۈل جانلىقلارنىڭمۇ ئورتاق ئانىسى ھەمدە دۇنيادىكى بارلىق ۋەتەنلەرنىڭ يەگانىسى بولغان سۆيۈملۈك سېخىي تەبىئەتنى سۆيمەيمىز . ئەكسىچە تارىختىن بۇيان « تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ ، تاغ ـ دەريالارنى ئۆزگەرتەيلى ! » دېگەندەك شوئارلارنى ھارماي ـ تالماي توۋلاپ ، ئەلمىساقتىن بۇيان ئۆز قوينىدىكى بارلىق پەرزەنتلىرىنى چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن بېقىپ كەلگەن سۆيۈم-

لۇك ئانا تەبىئەتنى گويا دۈشمەن ئورنىدا كۆرۈپ كەلدۇق . ئۆز نۆۋىتىدە بۇمۇ بىر ئەقەللىي ساۋات ، ئەقەللىي ساۋات بولغاندىمۇ ، بىز ئىنسانلارنىڭ ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدىغان ئەخمىقانە تەرەپلىرىنى ئىسپاتلايدىغان بىر تەتۈر ئەقەللىي ساۋات . ئۇنداق بولمىسا ، يەرشارىنىڭ ئۆپكىسى ھېسابلىنىدىغان تەبىئىي ئورمانلارنى شىددەت بىلەن كېسىپ ، تەبىئەت ئانىنى ھاسىراشقا مەجبۇر قىلاتتۇقمۇ ؟ ئورمانلاردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن كەسكەن بولساقمۇ كاشكى ، پەقەت « تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش » دېگەن شۇئار ئۈچۈنلا كېسىلىپ ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ئورمانلار ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئازمۇ ؟ تەبىئەت ئانىنىڭ ئاشقازىنى بولغان دېڭىز ـ ئوكيان ، دەريا ـ كۆللەرنى شىددەت بىلەن بۇلغاۋاتقانىنى ئاز دەپ ، تومۇرىنى تېشىپ قېنىنى تارتىپ ئۆزئارا سېتىپ خەجلەيدىغان تۈزكورلۇقنى بىز ئىنسانلاردىن باشقا قايسى بىر جانلىق ئۆزىگە راۋا كۆرەر ؟ شەخسىي ئانىمىز بىلەن ۋەتەن ئانىمىزنى سۆيۈشتە رېكورت يارىتالايدىغان بىز ئىنسانلار بارلىق ۋەتەنلەرنىڭ يىغىندىسى ۋە ئىنسانلار بىلەن پۈتكۈل جانلىقلارنىڭ ئورتاق ئانىسى بولغان سۆيۈملۈك تەبىئەتنى سۆيۈشتە نېمە ئۈچۈن ھايۋاناتلارغا يەتمەيمىز ؟

گېزىت ـ ژۇرنال كۆرمىسىمۇ تېلېۋىزور كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە ئايانكى ، دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر سانى بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتقان ھايۋانات ۋە قۇشلار ئۈچۈن مەخسۇس مۇھاپىزەت رايونلىرى قۇرۇپ ئۇلارنىڭمۇ بىز ئىنسانلارغا ئوخشاشلا يەر شارىدا ياشاش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىۋاتىدۇ . دۆلىتىمىزمۇ ئەنە شۇ خىلدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، گەرچە قانچە رايون ، قانچە جايدا مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلغانلىقىنى ئاپتور تېخى ستاتىستىكا قىلىپ چىقمىغان بولسىمۇ ،

لېكىن ھەرقايسى ئۆلكە ، ئاپتونوم رايونلاردىكى نەسلى قۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ھايۋانات ۋە قۇشلارنىڭ مۇھاپىزەت رايو- نىدا خەۋپتىن خالىي ھالدا بىمالال ياشاۋاتقانلىقى ئېنىق . شۇبھە- سىزكى ، بۇ بۇگۇنكى دەۋردىكى بىر خىل دۇنياۋى ئىلغارلىق .

دۇنياۋى ئىلغارلىقنىڭ يەنە بىر خىلى شۇكى ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاياغلاشقىنىغا يېرىم ئەسىر بولۇپ ئاشقان بۇ- گۇنكى كۈندە بەزى ئىلغار دۆلەتلەر بىر خىل يۈكسەك ئىنسانىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە ، يېرىم ئەسىردىن بۇرۇنقى مەمەدان تەلۋىلەر سادىر قىلغان تارىخىي خاتالىقنى تەشەببۇسكار- لىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ، ئەينى ۋاقىتتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بەختسىز كىشىلەر ئۇچۇن چىن دىلىدىن قايتا - قايتا ناماقۇللۇق بىلدۈرۈپ كەلمەكتە .

مىڭلاپ ئەپسۇسكى ، ئىلغارلار يۈكسەك ئىنسانىي مەسئۇل- يەت تۇيغۇسى بىلەن ، تەلۋىلەرنىڭ تارىختىكى خاتالىقى ئۈچۈنمۇ خىجىل بولۇۋاتقان بىر شارائىتتا ، بىر تەرەپتىن يەنە يېڭى نەپسا- نىيەتچىلەر باش كۆتۈرۈپ چىقىپ ، سانى ئازىيىپ كېتىۋاتقان ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنى ئوغرىلىقچە ئوۋلاپ ، ئۇلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ مەڭگۈ تويماس نەپسىگە چوغ تارت- سا ، يەنە بىر تەرەپتىن خۇددىنى بىلەلمەي قالغان يېڭى تەلۋىلەر مەيدانغا چىقىپ ، خۇددى ھۇۋقۇش قاراڭغۇ تۈنگە تەشنا بولغان- دەك ، جاھانغا جاھالەت تىلەپ ھەمىشە تەگسىزلىك ئۇرۇقىنى چېچىپ ، ئۆزىدىن ئاجىز بولغانلارنىڭ ھەممىنى قىلچە رەھىم - شەپقەت قىلماستىن بەختسىزلىككە دۇچار قىلماقتا . بۇ قانۇنىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ ئەلۋەتتە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەسمۇ ؟ چۈنكى ، ھۇۋقۇش قۇياش نۇرىنى قارغىغانغا ئوخشاش ، تەلۋە- لەرمۇ ھەققانىيەتنى ئۆلگۈدەك ئۆچ كۆرىدۇ .

ئەمما يەنە شۇنداق بىر قانۇنىيەتمۇ باركى، ھۇۋقۇش مەيلى قۇياشنى قانچىلىك قارغىسۇن، قۇياش تاڭ ئېتىش بىلەنلا پۈتۈن كائىناتنى يورۇتۇپ، ھۇۋقۇشلارنى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىكى قاراڭغۇ كامارلارغا يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر قىلغاندەك، ھەققانىيەتمۇ خۇدىنى يوقاتقان تەلۋىلەرنى ھامان بىر كۈنى تارىخ سەھىپىسىدىن سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. ئەجەبا ئەلمىساقتىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ قانۇنىيەتنى نەپسى بالالار بىلەن تەلۋىلەر زادىلا بىلمەمدىغاندۇ؟ ناۋادا بىلىدۇ دېيىلسە، بىلىپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان بۈگۈنكى تەلۋىلىكى ئۈچۈن ئەتە جاۋاب بېرىشكە توغرا كەلگەندە نېمە دەرمەن دېگەننى ئويلىمامدىغاندۇ؟ سانى بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتقان ھايۋانات ۋە قۇشلارنى قوغداش دۇنياۋى ئىلغارلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بۈگۈنكى كۈندە، ئۆزىدىن ئاجىز بولغانلارنى يۆلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بەختسىزلىك گىردابىغا ئىتتىرىۋېتىش بەدىلىگە بەخت تاپقۇچىلار ئەجەبا ئۆزىنى ئىنسان دەپ ئېيتالامدىغاندۇ؟!

## ماۋزۇسىز

« پەرداز » دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنسا ، تەبىئىيكى ئادەمنىڭ
كۆز ئالدىغا ئايالللار كېلىدۇ ؛ چۈنكى مەيلى بۈگۈنكى رېئاللىق ،
مەيلى قەدىمكى تارىخىي پاكىتلار بولسۇن ، ھەممىسىدىن ئوخشاشلا
پەرداز مەدەنىيىتىنىڭ ئايالللارغا خاس ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋې-
لىش مۇمكىن . شۇڭا ، پەرداز مەدەنىيىتىنىڭ پاتېنت ھوقۇقى ئا-
يالللارغا بېرىلسە قىلچە خاتا بولمايدۇ .

ئەپسۇسكى ، پاتېنت ھوقۇقى ئايالللاردا بولۇشقا تېگىشلىك
« پەرداز » نى ئەمەلىي ئىشلىتىشتە بۈگۈنكى دۇنيا ئەرلىرى ئا-
يالللاردىن كۆپ ئېشىپ كەتتى . ئايالللار گۈزەللىك ئۈچۈن ، پەقەت
ئۆزىنىڭ يۈز ـ كۆزىنىلا پەردازلىسا ، بەزى ئەرلەر ھوقۇق ، پۇل ۋە
باشقا مەنپەئەتلەر ئۈچۈن ھەممە ـ ھەممىنى پەردازلايدىغان بول-
دى . ناۋادا سىز ئۆزىنى « رەھبىرىي كادىر » دەپ ئاتايدىغان بىر
قىسىم باشلىقلىرىمىزنىڭ يىغىنلاردىكى سۆزىنى ، رادىئو ـ تېلې-
ۋىزورلاردىكى چىرايلىق نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىسىڭىز ئەلۋەتتە قايىل
بولماي قالمايسىز . ئەمما ، ئاشۇ سۆز ـ نۇتۇقلارنىڭ قانچىلىك
پەردازلانغانلىقىنى بىلەمسىز ؟ ناھىيە ، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون
دېگەنلەرنى قويۇپ تۇرۇپ ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم ناھىيە-
نىڭ بىر يېزىسىنى مىسال ئالساق ، يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى
تېلېۋىزوردا ئۆز يېزىسىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ ، پۈتۈن
دۇنياغا « . . . يېزىمىزنىڭ كىرىمى يىلدىن ـ يىلغا ئېشىپ كىشى

بىشىغا توغرا كېلىدىغان نەق پۇل بۇ يىل ئىككى مىڭ يەتمىش ئىككى يۈەنگە يەتتى » دەپ ئېلان قىلدى . مىڭلاپ ئەپسۇسكى ، جەمئىي نوپۇسى يىگىرمە بىر مىڭ بولغان بۇ يېزىنىڭ شۇ يىلى دېھقانلارنىڭ قوي ـ كالىلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا قەرزگە ھېسابلاپ ئېلىپمۇ يىغىۋالالماي ئېشىپ قالغان قەرزى يىگىرمە ئىككى مىليون سوم بولۇپ ، مۇنداق پەردازلاش ئاشۇنداق يېزىدىن ئون ـ يىگىرمىنى باشقۇرىدىغان ناھىيىدە يوق دەپ كىممۇ ئېيتالار ؟

يالغۇز بۇلا ئەمەس . ناۋادا سىز زۇكام بولۇپ قېلىپ دورا ماگىزىنىغا كىرىپ قالسىڭىز ، دورىنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى كۆرۈپ دەسلەپتە ھەممىلا دورىنى سېتىۋالغۇڭىز كېلىدۇ . چۈنكى ، ھەممىلا دورىنىڭ چۈشەندۈرۈش قەغىزىگە پەقەت « ئۆلگەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ » دېگەندىن باشقا ، بەدىنىڭىزدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ ئىسمى يېزىلىپ ، ئاشۇ ئەزالارنىڭ ھەممىسىگە شىپا بولىدىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ . ئاشۇنداق چۈشەندۈرۈشلەرنى ئوقۇغان ۋاقتىڭىزدا ئۇنىڭمۇ بىر پەرداز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىسىز ياكى « ئۆلگەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ » دەپ چۈشەندۈرۈش يېزىلغان دورىدىن بىرنى تېپىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىڭىزنى تىرىلدۈرۈۋالغۇڭىز كېلەمدۇ ؟

بۈگۈنكى دەۋرىمىزنىڭ پەرداز ۋارىيانتلىرى تېخى ئۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ . ئاددىيسى پۇل تېپىش دېگەن سۆزنىڭ « ھەقلىق مۇلازىمەت » دەپ ئۆزگەرتىلىشىمۇ يەنىلا بىر پەرداز ئەمەسمۇ ؟ بۇ يەردە قۇرۇق مۇلاھىزىنى قىسقارتىپ ، تۆۋەندىكى كىچىككىنە ئەمەلىي مىسالنى نەقىل قىلساق تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولىدىغان ئوخشايدۇ ؛ ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ كۈچلۈك تەلىپىگە ئاساسەن ئىدارىمىزدا ۋاقىتلىق ئىشلىتىدىغان ئىشخانا ، پارتا ـ ئورۇندۇقلاردىن پايدىلىنىپ كەچلىك كۇرس ئېچىلماقچى

بولدى . دەسلەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە باشقا ئالاقىدار خادىملارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، نوقۇل ھالدا پۇل تېپىشنىلا قوغلاشماستىن، بىلىم تەشنالىرىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ھەر-بىر كۇرسانتتىن ئېيىغا يىگىرمە سومدىن تىزىملاش ھەققى ئېلىش بېكىتىلگەنىدى . شۇنداق بولغاندا ، كۇرسانتلار ئۆزلىرى سېتىۋا-لىدىغان بىر يۈرۈش دەرسلىك ماتېرىيال بىلەن قوشۇپ ھېسابلى-غاندا ئېيىغا يۈز سومدىن ئارتۇق پۇل چىقىم قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى . ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاساسەن مائاشقىلا تايىنىپ جان باقىدىغان بۈگۈنكى كۈندە ، بۇ چىقىمنى ئەلۋەتتە ئاز دېگىلى بول-مايتتى .

ئەمما ، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كۇرسانتلارنى رەسمىي تىزىملاش باشلانغاندا ، تىزىملاش ھەققىنىڭ ئوتتۇز سومغا چىقى-رىلغانلىقى مەلۇم بولدى . سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ « ھەق-لىق مۇلازىمەت » دېگەن ئىبارە بىلەن پەردازلىغان پۇل تېپىش ئېڭى ھەممىنى بەلگىلىگەنىدى . . .

قەدىرلىك قېرىنداشىم : ناۋادا سىز بىر ئوقۇرمەن بولسى-ڭىز ، ئەتراپىڭىزدا نېمىلەرنىڭ پەردازلانغان ۋە يەنە نېمىلەرنىڭ پەردازلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز ؟ ناۋادا سىز بىر سودىگەر ، دوخ-تۇر ، يازغۇچى ياكى رەھبەر بولسىڭىز ، مەيلى مەجبۇرىي ، مەيلى ئىختىيارى بولسۇن ، ھازىرغىچە قانچىلىك « مال .» نى پەردازلاپ ساتتىڭىز ؟

# مايمۇن كۆندۈرۈش

پاراگۋايلارغا قارىغاندا ئىلگىرىكى مايمۇن تۇتۇپ كۆندۈر-
گۈچىلەر مۇنداق بىر ئاددىي ئۇسۇلنى قوللىنىدىكەن:

ئاۋۋال ئەينەك، تارغاق ۋە كۈچلۈك يىلىم قاتارلىقلارنى
تەييار قىلىپ، مايمۇنلار ياشايدىغان تاغقا چىقىپ كۆزىتىدىكەن.
مايمۇنلار كۆزگە چېلىققاندىن كېيىن ئەپلىك بىرەر جاينى تالالاپ،
قەستەن مايمۇنلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئەينەككە قاراپ چاچ
تاراپ، باش-كۆزىگە يىلىم چاپىدىكەن. ئاندىن ئەرزان ئەينەك،
تارغاق، يىلىملىرىنى قەستەن ئۇنتۇپ قىلىپ قايتىپ كېتىدىكەن.
ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى بىرمۇبىر
كۆزىتىپ تۇرغان مايمۇنلار كېلىپ ئەينەككە قاراپ، ئەينەكنىڭ
زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىگە ئەقلى يەتمەيدىكەن-دە، ئادەم-
لەرنىڭ ھەرىكىتىنى قارىسىغا دوراپ، بېشىنى تاراپ يۈز-كۆزىگە
يىلىمنى بولۇشىغا چاپىدىكەن. نەتىجىدە قۇلاق ۋە كۆزلىرى يەم-
لىشىپ ئېتىلىپ قېلىپ، كۆرمەس-ئاڭلىماس بولۇپ قالىدىكەن.
دەل مۇشۇ پەيتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، قىيا تاشلار ئارقىسىغا
يوشۇرۇنۇپ ماراپ ياتقانلار شۇئان يېتىپ كېلىپ مايمۇنلارنى تۇ-
تۇپ باغلىۋالىدىكەن-دە، ئېلىپ كېتىپ كۆندۈرۈشكە باشلاي-
دىكەن...

بۇنى بەلكىم ئەل ئاقىللىرى توقۇغان رىۋايەت دەپ قاراي-
دىغانلار بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ يەردە ئۇنىڭ رىۋايەت ياكى

رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئايرىش ئۈچۈن تالاش - تارتىش قىلىپ ئولتۇرۇش ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەس . ئەڭ مۇھىمى بۈگۈنكى رېئاللىقتا بىزنىڭ ئاشۇ بىچارە مايمۇنلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىمىز ئەمەسمۇ ؟ قېنى ئۆزىمىزدىن بىر سوراپ كۆرەيلى : گېزىت - ژۇرنال ، تېلېۋىزورلاردا ھاراقنى ھەدەپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرگۈچىلەر ئۆزى زادى قانچىلىك ئىچىدۇ ؟ ئەجەبا باشقىلار ماختاپ سېتىشقا ، بىز بولساق ئەقلىمىزدىن ئاداشقۇچە ئىچىپ ، كوچىلاردا قۇسۇپ يېتىشقا تۇرغانمۇ ؟ مايمۇن ئويناتقۇچىلار مايمۇندىن پايدىلىنىپ پۇل تېپىپ بايلىققا ئېرىشكەنگە ئوخشاش ، ھاراقنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرگۈچىلەرمۇ بىز تۆلىگەن بەدەلدىن پايدىلىنىپ بايلىققا ئېرىشمەكتە . ئەپسۇسكى بىز بۈگۈنلا ئىچىۋالمىساق گويا ئەتە قىيامەت قايىم بولۇپ زادىلا ئىچەلمەي قالىدىغاندەك ياكى ئۇتۇپ چىققانلارغا بېرىلىدىغان ئەزرائىلنىڭ « مۇكاپاتى » باشقىلارغا كېتىپ قالىدىغاندەك ، بىر - بىرىمىز بىلەن مۇسابىقىلىشىپ تۇرۇپ ئىچكىنىمىزگە ، قورۇقدالغان يانچۇق بىلەن پاتماندا بىر قۇسۇقتىن باشقا نېمىگە ئېرىشتۇق ؟

شۈبھىسىزكى ، مايمۇن ئويناتقۇچىلار مايمۇنلارنىڭ قارىغۇلارچە قىزىقىش ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان . ئۇنداقتا بىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىمىزدىكى ھاراقكەشلىك ، مودا قوغلىشىش ، رېستوران دورامچىلىقى ، ئېلانغا ئالدىنىش ۋە ھوقۇق مەستانىلىكى قاتارلىقلار ماھىيەت جەھەتتە مايمۇنلارنىڭ ھېلىقى دورامچىلىقىدىن زادى قانچىلىك پەرقلىنەر ؟

# توغراق ۋە توغراق نوتىسى

ئۆز نەپسىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان نادان پا-
دىچى ، زېمىننى يالماپ كېتىۋاتقان قورقۇنچلۇق قۇملۇق بىلەن
ئۇن - تىنسىز ئېلىشىپ ، چۆل - جەزىرىدىكى يېشىللىق پاسبانى
بولۇپ تۇرۇۋاتقان بەھەيۋەت توغراقنى رەھىمسىزلەرچە پالتا چاپ-
تى . يېشىللىق ئەلچىسى بىچارە توغراق ئارمان بىلەن يەرگە يى-
قىلدى . ئۇنىڭ كۆكنى سۆيگەن ساناقسىز ياپراقلىرى ئەمدى قوي
پادىلىرىغا يەم بولۇپ ، ئاشقانلىرى قۇم ئاستىغا دەپنە قىلىنماقتا
ئىدى . ئارماندا كەتكەن گۇناھسىز توغراق رەھىمسىز قۇملۇقنىڭ
بارلىق يېشىللىقنى يالماپ كېتىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىختى-
يارسىز سىلكىنىپ كەتتى . ئۇ ھاياتلىق يوقىلىۋاتقان ۋۇجۇدىدىكى
ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ ، بارغانچە قۇرۇپ كېتىۋاتقان دەرمانسىز
تېنىدىن نوتىلارنى چىقاردى . يۇمران ، گۆدەك نوتىلار ھېچنېمى-
دىن خەۋەرسىز ھالدا شامالغا ئۇسسۇل ئوينايتتى . بىر - بىرى
بىلەن قىچقىلىشىپ تېلىقىپ كەتكۈچە كۈلۈشۈپ ھەدەپ چاۋاك
چالاتتى .

بىراق بۇنىڭ ئەكسىچە بارغانسىرى زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقان
غول گويا ھەممە ھەسرىتىنى ئانا يەرگە تۆكۈپ بىرىۋاتقاندەك
يەرنى مەھكەم قۇچاقلاپ ، يەنىلا ئۈن - تىنسىز ياش تۆكەتتى .

يىلتىزىغا پالتا چېپىلغان بەھەيۋەت غول ، ۋۇجۇدىدىكى
بارچە نەملىكنى يۇمران نوتىلىرىغا سەرپ قىلىپ تۈگىتىپ ، ئاخىر

مادارىدىن كەتتى . گەرچە گۆدەك نوتىلارنىڭ ئانا زېمىنغا تېز-
رەك يىلتىز تارتىپ ، پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتلىق مەنبەسىگە
تېزرەك ئېرىشىشىنى شۇنچە تەقەززالىق بىلەن كۈتسىمۇ ، لېكىن بۇ
ئارزۇ - ئارمانلىرى تەنتەك نوتىلارنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ چىق-
مايتتى . بۇ ھال ئاللىقاچان مادارىدىن كەتكەن بىچارە غولنىڭ
نەپەستىن توختىشىنى تېخىمۇ تېزلەتتى . ئۇ پەقەت بىر ئۆزى بى-
لەن ئۆزىگىلا ئايان بولغان غۇبارسىز ئارمانلىرىنى قۇچاقلاپ ئانا
زېمىن بىلەن بىر تەن - بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتتى . پەقەت
شۇ چاغدىلا تەنتەك نوتىلار ئۆزلىرىنىڭ قانداق تەقدىرگە دۇچ
كەلگەنلىكىنى بىردىنلا بىلىپ قېلىشتى . بىراق ئۇلار بەكمۇ كې-
چىككەنىدى . ئەجەبا بۇ خىل كېچىكىش توغراق بىلەن ۋەتەنداش
بولغان بارلىق مەۋجۇداتلارغا ئورتاقمۇ ؟

## يولداش ياۋاش ۋە سودىگەر

ئىككى قېرىندىشىمنىڭ بىر مەزمۇندىكى تۆۋەندىكى ئەمە-لىي مىسالى ئادەمنى ئىختىيارسىز ئويغا سېلىپ، سوئاللار قوينىغا ئۈندەيدۇ:

ئۇنى كىشىلەر «يولداش ياۋاش» دەپ ئاتىشاتتى. يولداش ئۇنىڭ ئىسمى بولۇپ، ياۋاش لەقىمى ئىدى. ئۇ شۇ دە-رىجىدە ياۋاش ئىدىكى، ھەتتا ئۇششاق بالىلار كېلىپ قولىدىكى يەۋاتقان نېنىنى ياكى بېشىدىكى تۇمىقىنى ئېلىۋېلىپ قېچىپ كەتسە، ئۇلارنى تۇتۇۋالغۇدەك مادارى تۇرۇپمۇ ئۈندىمەيتتى. پە-قەت «ئۆزى زېرىكىپ تاشلىۋېتىپ كېتىدۇ، شۇ چاغدا ئېلىۋال-مەن...» دېگەن تەمەدە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خېلىغىچە ئەگە-شىپ يۈرەتتى. بالىلار بەزىدە ئۇنىڭ يارىماس ياۋاشلىقىدىن زې-رىكىپ تىللىسا، ئۇ يەنىلا ھېچ نەرسە دېمەستىن ھجايغان پېتى قاراپ تۇرىۋېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بالىلار ئۇنىڭدىن تارتىۋالغان تۇماقنى ئۆگزىگە چۆرۈۋېتىپ، نېنىنى ئىتقا تاشلاپ بې-رەتتى. ئەنە شۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭ يەنىلا ھجيىپ تۇرغىنى تۇرغانىدى.

«خۇدا ئۇرغانىنى خۇدا بەردى قوشلاپ ئۇرار» دېگەن سۆز پەقەت ماقال ـ تەمسىللا بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىر قانۇ-نىيەت بولسا كېرەك. يولداش ياۋاش ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئېتىز

بىشىدا سوغۇق سۇغا نان چىلاپ يەپ ئىشلەپمۇ يانچۇقى پۇل
كۆرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، تاماكا ئېلىپ چېكىشكىمۇ قۇربى يەت-
مەي، ئاخىر بىر كۈنى يولنىڭ ئوتتۇرىدا تاماكا قالدۇقىنى تېرى-
مەن دەپ ئېڭىشكەندە ماشىنا سوقۇۋېتىپ، بىر پۇتىنى سۇندۇرۇ-
ۋەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ تالا - تۈزگە چىقىسمۇ پۇتىنى
سۆرەپ ئۆمىلەپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى ئۇ گەرچە
پىلانلىق تۇغۇت دېگەن گەپ چىقمىغان زاماندا ياشىغان بولسىمۇ،
لېكىن ياۋاشلىقىدىن ئۆيىدە خوتۇن توختىماي بالا - چاقىلىق
بولالمىغاچقا، ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ھېچكىمى يوق
ئىدى.

«ئىتنىڭ ئىگىسى بولسا، بۆرىنىڭ خۇداسى بار» دېگەن
سۆزمۇ يەنە بىر قانۇنىيەت بولسا كېرەك. گەرچە يولداش ياۋاش-
نىڭ پۇتى سۇنۇپ، مېڭىش ئىمكانىيىتىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادىسىدىن ئايرىلمى-
غاچقا، ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك غەيرەت بىلەن ھەر كۈنى
سۇنۇق پۇتىنى سۆرەپ ئۆمىلەپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى
ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق ئىشلارنى چامى يەتكۈچە ئو-
رۇندايتتى. يەنى ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئوتۇن - چاۋا تېرەتتى،
تاشلاندۇق يالتىراق خالتا، ئەسكى كەش دېگەندەك نەرسىلەرنى
يىغاتتى. ھەتتا ئادەم يوق چاغلاردا مەھەللىلەردىكى پالتا، كەكە،
قۇلپا.. قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ خالتىسىغا سېلىپ كېتىۋې-
رەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى كۆرگەن كىشىلەر بەس - بە-
لەن ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا غۇلغۇلا باشلايتتى:

— ماۋۇ ياۋاش بەندە جېنىنى مۇنچە قىيناپ ئۆمىلەپ
يۈرگۈچە، قېرىلار ساناتورىيىسىگە بېرىپ ئارام خۇدا ياتسا بول-
مامدىغاندۇ؟

— ئۇنىڭ سۇنۇپ كەتكەن دوناي پۇتىغا ھەمدە ئۆملەپ مېڭىشىغا قارىسا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ. لېكىن، قىلىۋاتقان ئىشىغا قارىسا غەزىپى كېلىدۇ . . .

— راست دېگەندەك، ئۆملەپ يۈرۈپ خەقنىڭ مەھەللىسىدىكى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ كەتسىمۇ بەكلا سەت تۇرىدىكەن. نېمىشقىمۇ شۇنداق قىلىدىغاندۇ ؟

— مەن ئاشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسام، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان بولاتتىم . . .

— . . .

كىشىلەر مەيلى نېمىدەپ غۇلغۇلا قىلسا قىلىۋەرسۇن، چۈنكى ئېغىز ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، يولداش ياۋاشنىڭ ھاياتىمۇ يولداش ياۋاشنىڭ ئۆزىنىڭكى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىش ھوقۇقى بار.

دېمەك ئۇنىڭ سۇنۇق پۇتىنى سۆرەپ ئۆملەپ يۈرۈپ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى — دەل ئاشۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى ئۈچۈندۇر. خوش، ئۇنداقتا، يولداش ياۋاشتەك بىر ئادەم بىر ئۆزى ئۈچۈن ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي شۇنچە جاپا تارتىۋاتقان يەردە، ئەجەبا بىز بىزنىڭ ھاياتلىقىمىزنىڭ مەنبەسى بولغان ئانا يۇرتىمىز، ئەل ـ ۋەتىنىمىز ئۈچۈن، ئەل ـ ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدلىرى بولغان ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ھەمدە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ۋەتىنى بولغان ئانا تەبىئەت ئۈچۈن ئۆملەپ يۈرۈپ ئەمەس، ئولتۇرۇپ ياكى ئۆرە مېڭىپ يۈرۈپ خىزمەت قىلالمايمىزمۇ ؟ . . .

ئۇ سودىسى تازا ئېقىۋاتقان ھاللىق تىجارەتچى ئىدى. شۇڭا، كۈندىلىك تۇرمۇشتا موھتاجلىق دەردى تارتماي ئائىلە

بويىچە خۇشال ــ خۇرام ياشايتتى . بىراق ، قۇربانلىققا ئاتنۇپتىلـ
گەن قوينىڭ خۇشاللىقى پەقەت ھېيت كەلگۈچىلا داۋام قىلغىنىغا
ئوخشاش ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىمۇ ئۇزۇن داۋام قىلالمىدى . ئاي
ئاخىرلىشىشقا ئاز قالغان بىر كۈنى دۇكان ئىگىسى كېلىپ ، دۇـ
كاننىڭ يېڭى ئايدىن باشلاپ باشقا بىر ئادەمگە بېرىلگەنلىكى ،
شۇڭا بىر نەچچە كۈن ئىچىدە دۇكاننى بىكارلاپ بېرىش كېرەكـ
لىكىنى ئېيتتى . گەرچە ئۇلار ھازىرغىچە دۇكاننىڭ ئايلىق ئىجاـ
رىسىنى تۆلەپ ئېچىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن دۇكاننىڭ ئىـ
گىلىك ھوقۇقى باشقىلاردا بولغىنى ئۈچۈن شۇلارنىڭ دېگىنى
ھېساب ئىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ نان بېرىۋاتقان تىجارەتتىن ئايرىـ
لىپ قالماسلىق ئۈچۈن ، دۇكان ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە سوۋغا ــ
سالاملارنى ئاپىرىپ قايتا كۆرۈشۈپ باقتى . ئايلىق ئىجارىسىنى
ئاشۇرۇپ تۆلەش تەكلىپىنىمۇ بېرىپ باقتى . ئەمما ، دۇكان ئىـ
گىسى ھەرگىزمۇ يېقىن كەلمىدى .

دۇكان قولدىن كەتكەن كۈننىڭ ئەتىسى ئۇ بىر دوستىـ
نىڭ ئۆيىگە كېلىپ يۈرىكىدىكىنى تۆكتى .

ــ ھازىرغىچە ھېچنېمىدىن قىسىلىپ باقمىغاچقا ، غەم ــ
قايغۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ياشاپتىكەنمەن ئاداش . دۇكان قولـ
دىن كېتىپ يۈرىكىمنى بىرسى سۇغۇرۇۋالغاندەك بولۇپ قالدىم .
ئۆزۈمنى ھەرقانچە مەجبۇرلىساممۇ تاڭ ئاتقۇچە زادىلا ئۇخلىيالمىـ
دىم . يوشۇرمايمەن ، تاڭ ئاتقۇچە دۈم يېتىپ يىغلاپ چىقتىم . . .

ئۇنىڭ بىر دۇكان ئۈچۈن بىر كېچە يىغلىشى ، بەلكىم
ئۆزىگە توغرىدۇر . چۈنكى ، ئاشۇ دۇكان ئۇنىڭ پۇل تېپىپ
تۇرمۇشىنى قامدىشىنىڭ مەنبەسى . ئەجەبا ئانا يۇرت ، ئەل ــ ۋەـ
تەن بىزنىڭ ھەممىمىزنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى ئەمەسمۇ ؟ بىزنىڭ
ھەربىرىمىز ئايرىم ــ ئايرىم ھالدا بىر دۇكان ئۈچۈن ، كىچىككىنە

بىر ئەمەل ئۈچۈن ، كىرىمدىن چىقىمى كۆپىيىپ بېرىۋاتقان خىزمەت ئۈچۈن ، ھەتتا يوقاپ كەتكەن بىرەر ۋېلسىپىت . . . ئۈچۈن يىغلايمىز . ئەمما ئاشۇ دۇكان ، ئاشۇ ئەمەل ۋە ھەممىنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى بولغان ئانا يۇرت ، ئانا تەبىئەت ئۈچۈن يىغلىيالىدۇقمۇ ؟

## ماھىيەت ۋە شەكىل

ناۋادا سىز ھەشەمەتلىك بىرەر چوڭ كۆۋرۈكتىن ماشىنا بىلەن ئۆتۈپ قالسىڭىز ، كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېشىدا ئەدەپ بىلەن تىك تۇرۇپ ھۆرمەت سالىمى بەرگەن ساقچىلارنى كۆرۈپ ، ئۇلارنىڭ ئەدەپلىكلىكىگە قايىل بولغان ھالدا ئىختىيارسىز سۆيۈنۈپ قالىسىز . ئەمما ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئەدەپ بىلەن بەرگەن ئاشۇ ھۆرمەت سالىمىنىڭ سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ئەمەس ، ئەكسىچە پۇل ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن .

شۇنداق ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ سىزگە بەرگەن سالىمى ئەسلىدە پۇل ئۈچۈن بولۇپ ، بىرەر قېتىم سالام بەرمىگەنلىكى سېزىلىپ قالسا ماشىنىدىن تۇتۇپ قېلىنىدىغان بولغاچقا ، ئۇلار ئەسلىدىنلا تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن يەتكۈزەلمەيۋاتقان ماشىنىنىڭ يەنە ئۇستىلەپ تۇتۇپ قېلىنىشىدىن قورقۇپ شەكىل ئۈچۈنلا بوينىدىن باغلىغاندەك سالام بېرىپ قويۇشىدۇ . ئادەمنى تېخىمۇ ئويغا سالىدىغىنى — بۇ خىل تەتۈر ئالاھىدىلىكنىڭ ئائىلە مۇھىتىغا ، جۇملىدىن خۇسۇسىي مۇناسىۋەتلەرگىمۇ سىڭىپ كىرىپ ، ئەسلىدە ھەربىر ئادەمنىڭ تامامەن ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولىدىغان ئويلاش ، تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقانلىقىدا بولۇپ ، تۆۋەندىكى كىچىككىنە بىر ئەمەلىي مىسال بۇ نۇقتىنى يېتەرلىك ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ :

ئۇنىڭ سودىغا خېلى ئېپى بولغىنى ئۈچۈن ئۇرۇق - تۇغ-

قـانلىرى نەرسە ـ كىرەك سىتتۇپلشتىن بۇرۇن پات ـ پات مەسـ
لىھەت سوراپ كىلەتتى . قۇربان ھىيتنىڭ يىقىنلاپ قىلىشى بەـ
لەن ، ھىيتلىق كىيىم ـ كىچەك سىتتۇپلشقا مەسلىھەت سوراپ
كىلىدىغان خوتۇنلار كۇنسىرى كۆپەيدى . ئۇمۇ ئۆزىنى ئوخشىـ
تىشقا ئامراق ئىدى . شۇڭا ئۆزى ئالغان ھەربىر كىيىمنىڭ باھاـ
سىغا كۆزىنى يـۇمۇپـلا ئەللـىك ـ ئاتـمىش سومـدىن قوشۇپ
دەۋىـرەتتى . بـۇ ئۇنىڭ قىممىتـى تـۆۋەن ئادەتتىكى نـەرسـ
لەرنى كىيمەيدىغان « ئىـسـلزادە » ئىـكەنـلىكىنى ئىـسپاتـ
لىغىـنى ئىدى .

ئەمما ، ھىيتقا ئىككى كۈن قالغاندا ، ئۇ تۇغقانلىرىنىڭ
ھىيتلىق قانداق كىيىملەرنى ئالغانلىقىنى كۆرۈپ بىقىش ئۈچۈن
بىر نەچچە ئۆيگە بىرىپ ، ئۆزىنىڭ يۈز سومغا ئالغان نەرسلىرىنى
ئۇلارنىڭ بىر يۈز ئەللىك سومغا ؛ ئۆزىنىڭ بىر يۈز ئەللىك سومغا
ئالغان نەرسلىرىنى بولسا ئۇلارنىڭ ئىككى يۈز سومغا ئالغانلىقىنى
ئاڭلاپ دەسلەپتە ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمىدى . كىيىن شۇ ماللارنى
ساتقانلار بىلەن ئۆزى بىۋاستە سۆزلىشىپ بىقىپ ، ئاندىن ئىـ
شەندى ھەمدە ئۆيگە قايتىپ كىلىپ :

ــ ۋاي ئىـسىت ، ئـۆزۈمـنى ئوخـشىتـمەن دەپ بــ
كاردىــن ـ بىـكارغا تـۇغـقانـلىرىمغا زىيان سـاپـتىمەن ئەـ
مەسـمۇ ! ــ دىـدى .

راست ، ناۋادا ئۇ سەپسەتە ۋە ساختىلىق بىلەن قوشكىزەك
بـولغان ۋاستە ياكى شەكىلگە ئالدانماي ، ھەقىقەت بىلەن قوشـ
كىزەك بولغان ھەقىقىي ماھىيەتكە ئەھمىيەت بەرگەن بولسا قاراپ
تـۇرۇپ جانجىگەر قىرىنداشلىرىغا زىيان سىلىپ ، ناتونۇش ، يات
كـىشىلەرگە پايدا يەتكۈزەرمىدى ؟ گەرچە بىر نەچچە يۈز سوم
پايدا ـ زىياننىڭ كارايىتى چاغلىققۇ دىيىلگەندىمۇ ، لىكىن بۇ بىرـ

نىڭ ھەقىقەت بىلەن سەپسەتىنى ، ماھىيەت بىلەن شەكىلنى پەرق قىلماسلىق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن مەنئۇيىتىمىز ئۇچۇن ئاچچىق مەسخىرە ئەمەسمۇ ؟

# ئات ۋە مەپكەش

ئات گەرچە ماتۇرلۇق قاتناش قوراللىرى كەشپ قىلىنـ
غاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ ئىلغار قاتناش ۋاسىـ
تىلىك رولىدىن قېلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن بىزگە ئوخشاش
نـەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن
شـۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان مىللەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ، يەنىلا تۇر-
مۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى مۇھىم رولىنى يوقاتقىنى يوق . شۇ-
ڭا ، يېزا ـ كەنتلەردىلا ئەمەس ، ناھىيە بازىرى ھەتتا ئوتتۇرا
دەرىجىلىك شەھەرلەردىمۇ ئات تۇياقلىرىدىن چىققان رىتىملىق
تـونۇش ئاۋازلار قەدىمىي كولدۇرمىلارغا تەڭكەش قىلىنغان ھالدا
ھېلىمۇ قۇلاقلارغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ .

قـۇلاقلارغا تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان ئاشۇ ئاۋازلارنى
بـىۋاسىتە ئاڭلاش ۋە ئارامبەخش ياز ھاۋاسىدىن قېنىپ نەپەسلىـ
نىش ئۈچۈن قەدەمدە بىر دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان چىرايلىق
تـاكسىلارنى قويۇپ ، ئاتايىن مەپە بېكىتىگە كەلدىم . مەن مەپكە
چىقىپ ، ھايال ئۆتمەيلا ئىككى مەپە تەڭ قوزغالدى . ئىككى مەپە
ئوپمۇ ئوخشاش بولۇپ ، ھەتتا ئاتلارنىڭ ئورۇق ـ سېمىزلىكى ،
بوي ـ تۇرقى ۋە رەڭگىچە قىلچە پەرقسىز ئىدى . شۇڭلاشقىـ
مىكىن ئىككى مەپە بىر ـ بىرىدىن قېلىشماي تەڭ كېتىۋاتاتتى .

بەلكىم مەن چىققان مەپىدىكى ھارۋىكەشنىڭ يەنە بىر مەـ
پىدىن ئۆتۈپ كەتكۈسى كەلگەندۇ ، ئەسلىدىنلا تەبىئىي قىزغىنـ

لىق بىلەن شۇنچە تېز چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتقا يەنە ئۇستىلەپ قامچا سالدى. قامچا ئاتنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا تەگكەندى. ھوشيار ئات ئوڭ قۇلاققا تەگكەن قامچىغا قاراپ، دەرھال سولغا بۇرۇلدى.

— ماۋۇ گۈينىڭ ئىتنى! يى دەيمەن يى!

ئۆزىنى گۈي دەپ تىللاۋاتقان ھارۋىكەشنىڭ ئىتى باشقا بارلىق ئاتلارغا ئوخشاش «چۇ!» دېسە ئالدىغا مېڭىشقا، «يى!» دېسە سولغا بۇرۇلۇشقا ئۆگىتىلگەندى. شۇڭا، مەپە-كەشنىڭ «يى!» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ يەنە سولغا بۇ-رۇلدى. ئاشۇ ئىككى قېتىملىق بۇرۇلۇش بىر يۈز سەكسەن گرادۇسقا يېتىپ، مەپىنىڭ ئالدى، يولنىڭ سول تەرىپىگە توغ-رىلىنىپ قالدى.

— ھۇ ئۆلگۈر، تىلسىز ھايۋان!...

مەپىكەش ئارقا - ئارقىدىن ئاتقا قامچا سالدى. ئات ئوڭ قۇلاققا تىنىمسىز تېگىۋاتقان قامچىغا قاراپ، مەپىكەشنىڭ بۇرۇن ئۆگەتكىنى بويىچە يەنە داۋاملىق سولغا بۇرۇلىۋەردى. ئەمدى بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئۈچ يۈز ئاتمىش گرادۇسقا يېتىپ، مەپىنىڭ ئالدى تامامەن ئەسلىدىكى ئارقا تەرەپكە توغرىلىنىپ قالغانىدى.

بىراق، ئىككىنچى مەپىكەش تەبىئىي قىزغىنلىق بىلەن چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتقا ئارتۇقچە كاشىلا بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇ-نىڭ مەپىسى بىزنىڭ مەپىدىن ئۆتۈپ كېتىپلا قالماستىن، يەنە تېخى ئەسلىدىكى كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بېرىشقا ئازلا قالغا-نىدى. كىشىلەر بىزنىڭ مەپىكەشكە مەسخىرىلىك قاراپ قويۇ-شۇپ، بىردىن - ئىككىدىن چۇشۇپ كېتىشتى ۋە باشقا بىر مە-پىگە چىقىپ يولغا راۋان بولۇشتى. ئەجەبا بىزنىڭ مەپىكەش بۇنى ھېس قىلمىغانمىدۇ؟ ھېس قىلغان بولسا نېمە ئۈچۈن تەبى-ئىي قانۇنىيەتلەرگە پىسەنت قىلماي، بىر ئويدان چېپىپ كېتىۋات-

قان ئاتنى ئارتۇقتىن – ئارتۇق قامچىلاپ يولىدىن چىقىرىۋېتىـ
غاندۇ ؟ ناۋادا تېخىچە ھېس قىلمىغان بولسا ، ئەمدى قاچان ھېس
قىلار ؟ ئەجەبا ئۇنىڭغا تېززەك ھېس قىلدۇرۇپ ، ئاتنى ، مەپىـ
دىكى يولۇچىلارنى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ « ئۆزى تاپقان بالا »
نىڭ ئازابىدىن خالاس قىلىدىغان باشقا بىرەر چارە تېپىلماسمۇ ؟

## سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش

تېببىي ئىلمىدە «سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش كېسىلى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، گەرچە بۇ خىل كېسەللىكنى ھەممە ئادەم چۈشىنىدۇ دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ھېچبولمىغاندا تېببىي خادىملار ۋە شۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ئۆزى چۈشىنىدۇ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەمما، ئىجتىمائىي رېئاللىقتا شۇنداق بىر خىل كېسەللىك باركى، گەرچە ئۇمۇ خاراكتېر جەھەتتىن يەنىلا سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش تىپىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ئۆز كېسىلىنى ئېتىراپ قىلىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە سەمىمىي نىيەت بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەنلەرگە جان ـ جەھلى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىشى ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدۇ.

ئىدارە پارتىيە ياچېيكىسىنى «نۇقتىلىق تەرتىپكە سېلىنىدىغان ئورۇن» دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن خۇددى: «ئوغرى تېپىشىپ مورىنى، تۈت دەپ تۈۋلار ئوغرىنى؛ باشلىق بولغان كېسەلگە، پۇقرا يەيدۇ دورىنى!» دېگەنگە ئوخشاش ئىشلار يۈز بېرىپ، ئەسلىدىكى ھەپتىدە يېرىم كۈندىن ئىككى قېتىم بولىدىغان سىياسىي ئۆگىنىش بىر ھەسسە كۆپەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇس سىياسىي ئۆگىنىش يوقلىما دەپتىرى تۈتۈلۈپ، كىم كېچىكسە ياكى قاتناشمىسا مائاشى تۇتۇلىدىغان؛ قاتناشسا بۇ-

گۇنكى ماتېرىيالنى ئەتە ، ئەتىدىكىسىنى ئۆگۈن ، بۇ ھەپتىنىڭ-
كىنى يەنە بىر ھەپتە . . . تەكرار ـ تەكرار ئوقۇۋېرىدىغان ؛ بىر
ماتېرىيالنى تۆت ـ بەش قېتىم ئاڭلاپ ، بىر نەچچە قېتىمدىن
تەسىرات ماقالىسى يېزىپ زېرىكىپ كەتكەنلەر كەسپىي ئىشلارغا
ۋاقىت چىقىرالماي سەمىمىيلىك بىلەن پىكىر قىلسا ، خۇددى
« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىكىگە ئوخشاش قالپاق كىيدۈ-
رۈشكە ئاران تۇرىدىغان ھالەت شەكىللەندى . نەتىجىدە ئۆگە-
نىشتىن ھەممە ئادەم زېرىكىپ ، پۈتۈن ئۆگىنىش داۋامىدا ماتېرى-
يال ئوقۇپ بەرگۈچىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئىختىيارسىز
ئەسنەش مۇسابىقىسىگە چۈشۈپ كېتىدىغان بولۇشتى .
بۇ ــ « ئىدارە ـ جەمئىيەت » دېگەن ئومۇمىي ئاتالغۇ بىلەن ئا-
تىلىدىغان ئىجتىمائىي قاتلامدىكى بارلىق ئەقلىي ئەمگەك بىلەن
شۇغۇللانغۇچى خادىملارغا ئورتاق بولغان ھادىسە . ئەمدى يېزا ـ
قىشلاقلاردىكى دېھقانلارغا كەلسەك ، گەرچە ئۇلارغا ئېلىپ بېرى-
لىدىغان سىياسىي ئۆگىنىش ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردىكى ھالەتتىن
پەرق قىلسىمۇ ، لېكىن كېۋەز تېرىشنى مىسلىسىز دەرىجىدە تە-
كىتلەش ــ ئەسلىدە ئىقتىسادىي زىرائەت كاتېگورىيەسىگە مەن-
سۇپ بولغان كېۋەزنى بۇگۈنكى رېئاللىقتا كەم ـ كۈتىسىز قور-
قۇنچلۇق زىرائەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى . ئەجەبا يەرگە تېرىلىد-
غان تەبىئىي زىرائەتلەرنىڭمۇ سىياسىي زىرائەتكە ئايلىنىپ كې-
تىشى ، سەزگۈرلۈك كېسەللىكىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلى-
مامدۇ ؟ سەزگۈرلۈكنىڭ ئېشىپ كېتىشى ــ ئەمەلىيەتتە سەزگۈ
ئەزالارنىڭ ئۆز رولىنى يوقاتقىنىغا باراۋەردۇر . چۈنكى ، سەزگۈ
ئەزالارنىڭ سەزگۈرلۈكى ئاجىزلاپ كەتكەندە نورمالنى سېزىمنى
سېزەلمىگەنگە ئوخشاش ، سەزگۈرلۈك ئېشىپ كەتكەندىمۇ نورمال-
نى سېزىمنى سېزەلىشى مۇمكىن ئەمەس . مەلۇم مەنىدىن ئېيت-

قاندا ، تېخى سەزگۈرلۈكىنىڭ ئېشىپ كېتىشى ئاجىزلاپ كەتكەنگە قارىغاندا تېخىمۇ خەتەرلىك بولۇپ ، ئاجىزلاپ كەتكەندە سېزىم ئاجىز بولسىمۇ يەنىلا مەۋجۇت بولغىنى بىلەن ، ئېشىپ كەتكەندە سېزىم ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى تامامەن يوقىتىپ ، قىلنى پىل ، تۆگ-مىنى تۆگە قىلىپ كۆرسىتىپ ماھىيەتلىك خاتالىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارماي قالمايدۇ .

بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇپلا قالماي ، ئاشۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ پۈشتىدىن بولغان بۈگۈنكى خەلقىمىزمۇ ئەلۋەتتە ئەقىل - پاراسەتلىك . ئۇلار يەكۈنلەپ چىق-قان « سۇنۇقتىن باشقىسى يۇقىدۇ » دېگەن يېڭى ھېكمەتلىك سۆز بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ . دېگەندەك سەزگۈرلۈك ئې-شىپ كېتىش كېسىلى نۆۋەتتە يۇقىرى قاتلامدىن تۆۋەن قاتلامغا ، ئەمەلدارلاردىن ئاۋامغا يۇقماقتا .

ئۇ گەرچە بۆلۈمچە دەرىجىلىك ئادەتتىكى بىر كىچىك ئىدارىنىڭ باشلىقى بولسىمۇ ، ھەر قېتىملىق ئۆگىنىش تۈگىگەندە ئۆگىنىشتىن زېرىككەنلىكىنى ھەممىدىن بەك قاقشاپ سۆزلەيتتى .

ئەمما ، ئۆگىنىشكە تەشكىللىگۈچىلەرگە ناھىيىدە يىغىن بولۇپ قېلىپ ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئۆگىنىشكە تەشكىللە-مىگەن كۈنلىرى بولسا ، ئۇ يەنىلا ياچېيكىنىڭ باشقا مۇئاۋىن سېكرېتارلىرىنىڭ ئىشخانىسىغا بىرمۇ بىر كىرىپ، بۈگۈن ئۆگە-نىش بار - يوقلۇقىنى ئالاھىدە سورايتتى . مۇنداق سوراش ، سو-رىغۇچىنىڭ ئەسلى مۇددىئاسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينە-زەر ، ئەمەلىيەتتە ئۆگىنىش قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش رولىنى ئويناپ ، خۇددى « ئۇچاڭ قىچىشسا تۈگمەن ئىشىكىگە بار » دې-گەنگە ئوخشاش نەتىجە بېرەتتى .

## كالا ۋە مەن

كۆندۈرۈلگەن كالىدىن بىرنى ئېلىپ ھارۋىغا قوشۇش ئېھتىياجى بىلەن ئۇلاغ بازىرىغا باردىم. كۆندۈرۈلمىگەن توپاقلار، مۇزايلىق سىيىرلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ كۆشەپ ياتقان بىر كالىغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭ قېتىپ چەمدەك بولۇپ كەتكەن پاتاڭلىرى كۆندۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ كالىنى پۇلىغا چىداپ سېتىۋالدىم.

— پۇلنى ئۆيگە بارغاندا بەرسىلىمۇ بولىدۇ. كالىنى مەن ئاپىرىپ بېرەي، — دېدى كالىنىڭ ئىگىسى.

كۆڭلۈمدە كالىنىڭ ئىگىسىنى خېلى سەممىي، ئاق كۆڭۈل ئادەمكەن دەپ ئويلىدىم. بۇ ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئادەم كالىسىنى ئۆيۈمگە ئەكېلىپ بېرىپ، پۇلىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى. ئۇ كۈنى كالىنى ئىشلىتىدىغان باشقا ئىش بولمىغاچقا، ھەلەپ بېرىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ھاردۇق ئالدۇردۇم.

ئەتىسى كالىنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىقىپ ھارۋىغا قوشتۇم. ھارۋىغا قوشقىچىمۇ ھېچقانداق غەيرىي خۇي چىقارمىغاچقا، ياۋاش كالا ئېلىۋاپتىمەن دەپ رازى بولدۇم. ئەمما، ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ ھەيدىگەندىن كېيىن ھەيران قالدىم. نېمە ئۈچۈنكى، كالا پەقەت سول تەرەپكىلا چۆرگىلەيتتى. دەسلەپتە شۇنچە توسۇپ، ھەتتا تۇمشۇقىغا ئۇرۇپمۇ باقتىم. لېكىن، كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ يەنە سولغا چۆرگىلەۋەردى، قانداق قىلىدىكىن قېنى دەپ ئىختى-

ياربغا قويۇۋەتسەم ، مەھەللىمىزدىكى كىچىككىنە يولدىن چىقماي ، هارۋىنى بىر ئىزىدا نەچچە يۈز چۆرگىلەتتى . هارۋىدىن چۈشۈپ يېتىلەپ ماڭسامۇ ، يەنە داۋاملىق سولغا سۆرەپلا تۇردى .

مەن باربىغان جاي يىراق ئىدى . ناۋادا هازىرقىدەك كالا سولغا ، مەن يولغا سۆرەپ يۈرۈشسەك ، ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ھېرىپ هالىمىزدىن كېتىپ نىشانغا يېتىپ بارالىشىمىز ناتايىن ئىدى . قانداق قىلىش كېرەك ؟

دەل شۇ چاغدا يولدا بىر تونۇشۇم ئۇچراپ قالدى . ئۇ كالىنى تونۇيدىكەن :

— ۋاي خۇدايىم ، قانداق بولۇپ بۇ كالىغا ئۇچراپ قالغانلا ؟ بۇ كالا جۇۋازچىنىڭ كالىسى ئىدى . ئۇ قاقۋاش جۇۋازچى بۇ كالىنى موزاي ۋاقتىدىن باشلاپلا كۆزىنى تېڭىپ قويۇپ تورۇپ ، سولغىلا چۆرگىلەشكە ئۆگىتىۋەتكەن . موزاي چېغىدىن باشلاپ قېرىغىچە سولغىلا چۆرگىلەپ ئۆگەنگەن كالا تۈز يولدا ماڭالمايدۇ . . . — دېدى .

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئويلىنىپ قالدىم . گەرچە ياربىلىشدىلا مېڭىشتىن ئىبارەت تەبىئىي ئىقتىدارى بىلەن يارالغان هايۋاناتلارنىڭ بىرەرىنى « تۈز يولدا ماڭالمايدۇ » دېيىش ئادەمگە غەلىتە تۇيۇلسىمۇ ، لېكىن مەن ئالغان جۇۋازچىنىڭ كالىسىغا ئوخشاش .موزاي چېغىدىن باشلاپلا تاكى قېرىغىچە قاراڭغۇ ،. تار ، بۇرۇقتۇرما ئۆيدە پەقەت سولغىلا چۆرگىلەشتىن باشقا ھەممىلا ئىشتىن چەكلىنىپ ، چۆرگىلەشكىلا كۆندۈرۈۋېتىلگەن بىچارە ياۋاش كالىلار راستتىنلا ئاخىرقى ھېسابتا تۈز يولدا ماڭالمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن . ئەجەبا بۇنىڭغا كالىنىڭ ياۋاشلىقى سەۋەبچىمۇ ياكى جۇۋازچىنىڭ قۇۋ ، مەككارلىقىمۇ ؟

## « تىنچ ـ ئامان تۇردىڭىز » نىڭ بايانى

بىر كۈنى بىر يېقىن تونۇشۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ كۆرۈشۈپلا:

— تىنچ ـ ئامان تۇرىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا:

— تىنچ ـ ئامان تۇرماسلىقىم كېرەكمىدى؟ — دەپ جاۋاب بېرەي دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما ئۇنىڭ ماڭا تونۇش بولغان ئاشۇ ساددا تۇرقىغا قاراپ، ئۇنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويغۇم كەلمىدى.

كېيىن ئۇقسام « تىنچ ـ ئامان تۇرىۋاتىسىز؟ » دېگەن بۇ تەتۈر سۆز، مەن ياشاۋاتقان بۇ زېمىندىكى « ئاسمان بېسىپ چۈشسە، تېگىدە يېتىپ مانتا يەيدىغان » نوچىلارنىڭ ئۆزئارا سالاملاشقاندا ئىشلىتىدىغان هازىرقى مودىغا ئايلانغان سۆزى ئىكەن. گەرچە بۇ يېڭى « مودا » تېخى ئومۇمىيۈزلۈك ئومۇملىشىپ بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەيدانغا چىقىشى ھەقىقەتەن ئادەمنى ئويغا سالىدۇ.

ئېنىقكى، مودا قوغلىشىش جەمئىيەتتىكى بىر خىل ئىستىخىيىلىك ئېقىن بولۇپ، بۇ ئېقىنمۇ خۇددى تەبىئەتتىكى ئېقىنلارغا ئوخشاش « كەلكۈن » مەزگىلىدە كۈچىيىپ، « قۇرغاقچىلىق » مەزگىلىدە ئاجىزلايدۇ ياكى يوقىلىدۇ. بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى ھوقۇق مەستانىلىقى، پۇلغا چوقۇنۇش، رېستوران

قىزغىنلىقى ۋە كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان ھا۔
زىرقى پۇچەك مودا قوغلىششلارنىڭ ھەممىسىنى تېگى ـ تەكتى۔
دىن ئېيتقاندا نۆۋەتتىكى « ئېتىقادسىزلىق كەلكۈنى » كەلتۈرۈپ
چىقارغان بولۇپ، بۇ خىل « كور كەلكۈن » نىڭ سۇ ئۈزۈشتىن
ساۋاتى يوق بىچارىلەرنى خۇشاللىق بىلەن غەرق قىلىشى تۇرغانلا
گەپ .

گەرچە غەرق بولغۇچىلار « سۇ ئۈزۈشتىن ساۋاتى يوق
بىچارىلەر » بولغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن بىر ماكاندا،
بىر زاماندا ياشىغۇچى بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىمكان بار ئۇلارنىڭ
غەرق بولمىغىنى، ھېچبولمىغاندىمۇ غەرق بولغۇچىلار سانىنىڭ
ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاز بولغىنى ياخشى، ئەلۋەتتە . شۇڭا، يېڭى
مودىغا ئايلىنىۋاتقان تەتۈر سۆز — « تىنچ ـ ئامان تۇرىۋەردى۔
ڭىز ؟ » نىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئورتاق ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ .
ئەجەبا، تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ بالا ـ قازاغا ئۇچرىماي، كېسەلگە
گىرىپتار بولماي، تىنچ ـ ئامان تۇرىۋېرىشى بۈگۈنكى كۈندە
بىزنىڭ ئەقلىمىزگە سىغماس بولۇپ قالدىمۇ ؟ ئەجەبا 50 ـ
يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى ئاتالمىش « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش »
تىن باشلىنىپ « گۇڭگۇشىلىشىش » ، « ئوڭچىللارغا قارشى كۈ۔
رەش » ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » قاتارلىق ئىنتايىن سول
ھەرىكەتلەر داۋامىدا ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن بالا ـ قازالار تېخى
بىزگە كەملىك قىلغانمىدۇ ؟

# قوژغىنەك ۋەقەسى

نادانلىق مەستلىككە ئوخشايدۇ . مەستلەر مەست بولغانسېرى « مەن مەست ئەمەس ! » دەپ شۇنچە ۋارقىرىغانغا ئوخشاش ، نادانلارمۇ ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ھەرگىز ھېس قىلالمايدۇ . نەتىجىدە ئۆزگىنىلا ئەمەس ، بەلكى ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئالدايدۇ . ھەرقانداق ئالداشنىڭ نەتىجىسى ئاۋۋال ئۆزگىگە ، ئاندىن ئۆزىگە زىيان سېلىش بىلەن ئاخىرلاشماي قالمايدۇ . دېمەك ئۆزگىنىلا ئەمەس ، ئۆزىنىمۇ ئالداش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان نادانلىقنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىمۇ ئوخشاشلا ئۆزىنىمۇ ، ئۆزگىنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىشتىن باشقىچە بولمايدۇ .

تاغ كەينىدە بىزگە قوشنا كېلىدىغان بىر يۇرت بولۇپ ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ساۋاتسىزلار ئىدى . ئەنە شۇ ساۋاتسىزلارنىڭ بىرى بىر كۈنى يۇرتىمىزدىكى بازارغا گۆش سېتىۋالغىلى كەپتۇ . ئۇلار گەرچە تاغ كەينىدە ياشىسىمۇ ، لېكىن ئەزەلدىن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىغاچقا ، ئاساسەن گۆش ئىستېمال قىلىش ئادىتى يوق دېيەرلىك ئىدى . شۇڭلاشقا ھەيران قالغان قاسساپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :

— گۆشنى نېمە قىلىسىز ؟

— تۈنۈگۈن ئاخشام بالىلىرىم بىر قوژغىنەك تۇتۇۋاپتىكەن . ئاڭلىسام قوژغىنەك گۆش يەيمىش ، يەنى كەپتەر ، قۇشقاچ قاتارلىق ئۇچارقاناتلارنى تۇتۇپ يەيمىش . ئۇچارقاناتلارنى بىز

تۇتالمىغاچقا ئۇنى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىسۇن ، دەپ گۆشكە كېلىشىم .

— كەپتەر ، قۇشقاچلارنى تۇتۇپ يەيمىش دېگىنىڭىزگە قارىغاندا قوۇغىنەك دېگەنمۇ ئۇچارقاناتلارغا تەۋە ئوخشايدۇ . ئۇنداقتا ئۇنى قانداق تۇتتىڭىز ؟

— ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى دەرەختە ئۇۋۇلاپ تۇت بالا چىقىرىپتىكەن . كېچىسى سايرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ بالىلىرىم دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ تۇتۇۋاپتۇ .

— ھە ، مۇنداق دەڭ . ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئاتايىن گۆش سېتىۋېلىپ ئاۋارە بولغۇچە ، قەپەستىن قويۇۋەتسىڭىزلا ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالامدۇ ؟

— سىز ئۇقمايدىغان ئوخشايسىز . قوۇغىنەكنىڭ تۈكىنى كۆيدۈرۈپ ئىسىنى شورىسا ئۆپكە كېسىلىگە داۋا دەيدىغان گەپ بار . شۇڭا ئۇ كۆپ پۇلغا يارايدۇ . بولمىسا ئەخمەق بولۇپ ئۇنىڭغا گۆش ئېلىپ بېرىپ باقامتىم ؟ . . .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، يۇرتىمىزدىكى ھەرقانداق يېڭىلىققا ئۆلگۈدەك قىزىقىدىغان كىشىلەر « قوۇغىنەك » نىڭ زادى قايسى خىل قۇشقا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كۆپ لۇغەتلەرنى ئاختۇرۇشتى . لېكىن ، ھېچقايسىسى لۇغەتتىن « قوۇغىنەك » دېگەن ئىسىمنى ئۇچرىتالمىدى .

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ھېلىقى تاغ كەينىدىكى قوشنا يۇرتلۇق ساۋاتسىز ئادەم پەلەي كىيىۋالغان قولىغا « قوۇغىنەك » نى قوندۇرۇۋالغان ھالدا يۇرتىمىزنىڭ بازىرىدا پەيدا بولدى . قارىغاندا ئۇ « تۈكى ئۆپكە كېسىلىگە داۋا » بولىدىغان قوۇغىنەكنى باشقا ھېچ يەردە ساتالمىغان بولسا كېرەك . كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ، بۇ بەختسىز قوۇغىنەكنى زىيارەت قىلىشقا

باشلىدى . ئىككى پۇتىدىن مەھكەم باغلاپ تۇتۇۋالغاننى ئاز دەپ ، قانات ــ قۇيرۇقلىرىمۇ قىرقىپ تاشلانغان بىچارە قوزغىنەك ، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ساماغا تىكىپ ھەدەپ ئۇچۇشقا يۇلقۇناتتى . يىراق بىر تەرەپتىن ، قىرقىلغان قانات ئۇچۇشقا ئىمكان بەرمىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، پۇتىدىكى زەنجىر ئۇنى پەلەي كىيگەن قولغا قايتۇرۇپ كېلەتتى . كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ ھەرخىل غۇلغۇلا قىلىشتى .

ــ جۇغىنىڭ كىچىكلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۈركۈت ياكى قارچىغىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن .

ــ شۇڭقارمىدۇيا ! ئاڭلىسام شۇڭقارنىڭ جۇغى ئاشۇنداق كىچىك بولارمىش . ئەمما ئۇ ھەنىۋا قۇشتىن ھەم ئېگىز ، ھەم تېز ئۇچقىنى ئۈچۈن ، كۆزگە كۆرۈنمەي قالىدۇ دەيدۇ . . .

ــ مېنىڭچە قۇرغۇي بولۇشى مۇمكىن . قارىمامسىلەر ، تۇرقىدىنلا گۆشخور ، جەسۇر قۇشلۇقى چىقىپ تۇرىدۇ . بىز خەق توختى دېگەن ئىسمنى توختەك ، ھەسەن دېگەن ئىسمنى ھەسەنەك دەۋېلىشقا ئامراق . قۇرغۇينى قۇرغۇيەك ياكى قوزغىنەك دەۋالغان بولۇشىمىز مۇمكىن .

ئاشۇ گەپلەر بولۇنۇپ ئارىدىن بىرەر ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تاغ كەينىدىكى قوشنا يۇرتلۇق ھېلىقى ساۋاتسىز ئادەم بازاردا قايتا پەيدا بولغاندا ، كىشىلەر ئىختىيارسىز قوزغىنەكنى سوراپ بېقىشتى .

ــ ھېلىقى قوزغىنەك ھېلىمۇ بارمۇ ؟

ــ ياق ، ــ دېدى ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن ، ــ ئۇ ئۆلۈپ قالدى .

ــ ئۆلۈپ قالدى ؟ قانداق بولۇپ ئۆلۈپ قالدى ؟

ــ قانداق بولۇپ ئۆلۈپ قالاتتى ، گۆش ئېلىپ بەرسەم

يېمىدى . ئۆلۈپ قالغۇچە سېتىۋېتەي دەپ ئاپارمىغان بازار قال-مىدى . ھېچكىم ئىككى پۇل دېمىدى . قويۇپ بېرەي دېسەم ئائى-لىمىزدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا كەتكەن ۋاقتىدىن باشقىمۇ يەنە قەپەس ، گۆش ۋە سۇ ھەققى زىيان بولمىسۇن دېدىم . بىر كۈنى ئەتىگىنى قوپۇپ قارىسام ، قەپەستە ئاخشىمى ساق قالغان نەرسە ئۆلۈپ قاپتۇ . بولغان ئىش ئاشۇ شۇ . . .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، ئۆزگىنىلا ئەمەس ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئالداش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان نادانلىقنىڭ ئاخىرقى نەتىجى-سىمۇ ئوخشاشلا ئۆزگىمۇ ئۆزگىمۇ زىيان سېلىش بىلەن ئا-خىرلاشماي قالمايدۇ . گەرچە نادانلىق بىر مەھەل مۇتلەق ھۆ-كۈمرانلىق ھالىتىگە ئۆتۈپ ، گويا ئىشلار مەڭگۈ ئاشۇنداق بولى-ۋېرىدىغاندەك كۆرەڭلەپ كەتسىمۇ ، لېكىن نادانلىق بەرىبىر نادانلىق . ئەجەبا ، دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان ، ئاقىۋىتى ياخشىلىق بىلەن ئاخىرلاشقان بىرەر نادانلىقنىڭ بولۇپ باققىنىنى كۆرۈپ باققان ئادەم بارمۇ ؟ ئەجەبا ، ئۆز خىيالىدىكى پايدىنى كۆزلەپ ، نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان گۇناھسىز بى-چارە قوزغىنەكنى بالىلىرى بىلەن قوشۇپ ۋەيران قىلىش بەدىلىگە ھېچقانداق نەپكە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن ، ئويلىغاننىڭ ئەكسىچە قەپەس ، گۆش ، سۇ ۋە بىر مۇنچە ۋاقىتنى زىيان تارتقان ھېلىقى قوشنا يۇرتلۇق ساۋاتسىزنىڭ نادانلىقى بىلەن بىزنىڭ بۇ يەردىكى باشقا نادانلىقلارنىڭ پەرقى بارمۇ ؟

## يەكشەنبە

ئىدارىمىز نەچچە ئايلىق مائاشىمىزنى بىرەلمەيۋاتقانىنى ئاز دەپ ، پات ــ پات يوقىلاڭ باھانە ــ سەۋەبلەرنى تېپىپ ئىشچى ــ خىزمەتچىلەرنى يەكشەنبە كۈنىمۇ ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئا-دىتى بويىچە بۈگۈنمۇ ئىشلەشكە مەجبۇر بولدۇق . ئىشلىگەندىمۇ ئادەتتىكى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدىن يېرىم سائەت ئېشىپ ، قور-ساقلار كوركىراپ كەتكۈچە ئىشلىدۇق . چۈشلۈك تاماققا رۇخ-سەت قىلىنغاندىن كېيىن ئۆيگە بېرىشقا ئالدىراپ كوچىدىكى ئۇ-دۇل كەلگەن بىر ئاشخانىغىلا كىردىم .

تاماق يەپ بولۇپ چاي ئىچىپ ئولتۇراتتىم . ئىككى خې-رىدار ئاشخانىغا تەڭ كىرىپ ، مەن ئولتۇرغان ئۈستەلنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى . ئۇلارنىڭ بىرى قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىپ ، سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا كېلەڭسىز ئالتۇن ئۈزۈك-تىن بىرنى سېلىۋالغان بولۇپ ، كۆرۈنۈشىدىنلا شەھەرلىك ئىكەن-لىكى چىقىپ تۇراتتى . يەنە بىرى ئاددىيلا كىيىنىپ بېلىنى بەلۋاغ بىلەن باغلىۋالغان دېھقان سۈپەت ئادەم ئىدى . خىزمەتكار بالا ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئاۋۋال شەھەرلىك كىشىگە بىر پىيالە چاي قۇيۇپ سۇندى . ئاندىن نېمە تاماق يەيدىغانلىقىنى سورى-ۋىدى ، ئۇ :

ــــ لەغمەن يەي ، ــــ دېدى .

ــــ پۈتۈن بولامدۇ ، يېرىممۇ ؟

ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان دېھقانغا بىر قارىۋېتىپ جاۋاب بەردى:

— پۇتۇن ئاش يەيدىغانغا بىز سەھرالىق ئەمەس، يېرىم بولسۇن، — يېرىم، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان دېھقاننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدىيۇ، ئەمما ئارتۇقچە گەپ - سۆز قىلماستىن، گويا نېمىندۇر كۈتۈۋاتقاندەك جىم ئولتۇرىۋەردى. بالا تازا ۋار-قىراپ تۇرۇپ ئاشپەزگە يېرىم ئاشنى بۇيرۇۋەتكەندىن كېيىن دېھقانغا چاي قۇيۇۋېتىپ سورىدى:

— ئۆزلىرى نېمە تاماق يەيلا؟

— مەنمۇ لەغمەن يەيمەن.

— ئاش پۇتۇن بولامدۇ، يېرىممۇ؟

دېھقان ھېلىقى شەھەرلىك كىشىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ:

— پۇتۇن بولسۇن. بىز ئاشنى يېرىم يەپ، تويمىغان يەرگە مەنتەك ئىچىدىغان بازارلىق ئەمەس، — دېدى.

شەھەرلىك كىشى ئىچىۋاتقان چېيىنى قويۇپ ئورنىدىن قوپتىيۇ، گويا توساتتىن تىلى تۇتۇلۇپ قالغان ئادەمدەك لام - جىم دېيەلمەستىن لاسىسىدە ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالدى...

بۇ قانداقتۇر بەدىئىي توقۇلما بولماستىن، بەلكى بىزنىڭ بۈگۈنكى ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزدا ئەينەن يۈز بەرگەن تەبىئىي يۈمۈر بولۇپ، گەرچە ئۇ ئوقۇغان ئادەمگە قىزىقارلىق تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەنە قاتلىمىغا شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى بارغانسېرى زورىيىپ بېرىۋاتقان ئىچكى زىددىيەتنىڭ ئاچچىق بىر مەسخىرىسى يوشۇرۇنغان.

ھېلىمۇ ياراتقۇچىنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئالدىراقسان-لىقلاردىن خالىي، قىلچە شەخسىيەتسىز بولۇپ قالغانلىقى، ناۋادا

ئۇنداق بولماي ، بىزنىڭ مسلىسىز بىچارىلىك بىلەن كىچە ـ كۈندۈز هارماي ـ تالماي تىلشىمىزدىن تەسىرلىنىپ كىتىپ ، ئالدىراپ ـ سالدىراپ تىلىكىمىزنى ئىجابەت قىلىۋېتىدىغان بولسا ، ئۇ هالدا مۇقەررەركى ، خۇددى « ئۈچ يوقسۇلنىڭ تىلىشى » دىيىگەن چۆچەكتىكى بىر ئاتا ، بىر ئانا ۋە بىر بالىدىن ئىبارەت ئۈچ ئادەمدىن تەركىب تاپقان بىر ئائىلىنىڭ « خۇدا نىمە تىلىسە شۇنى بىرىمەن دىدى » دىگەننى ئاڭلاپ ، ئىزگۇ تىلەكلەرنى تىلەش ئورنىغا بىر ـ بىرىنى قارغاپ ، ئاخىرقى هىسابتا يەنىلا ئىلگىرىكى ئىچىنىشلىق هالىتى بىلەن قالغىنىغا ئوخشاش ، بىزمۇ ئۇ شەھەر-لىك بۇ شەھەرلىكنى ، بۇ شەھەرلىك ئۇ شەھەرلىكنى ياراتماي هارماي قارغاپ ، بىر ـ بىرىمىزنى يوقاتقان بولاتتۇق . . .

ئەجەبا ، شەھەرلىكنىڭ نىيىتى بويىچە سەهرالىقلار بولمى-غان بولسا ؛ ئۇرۇمچىلىكنىڭ سۆزى بويىچە ئالتە شەھەرلىك يو-قالسا ؛ قەشقەرلىكنىڭ قارغىشى بويىچە ئىلىلىق پوچىلارنىڭ زۇۋانى قۇرۇسا ؛ ئاتۇشلۇقنىڭ شاگخوسى بويىچە ئاقسۇلۇق كاۋا تالىشىپ ئۆلسە ؛ خوتەنلىكنىڭ ئارزۇسى بويىچە قۇمۇللۇق قۇم ئاستىدا قالسا . . ئاندىن ھەممىمىزنىڭ مۇراد ـ مەقسىتى هاسىل بولامتى !؟

# پەردە بالاسى

ئادەم ئادەمگە ئوخشايدۇ . بۇ پەقەت كىيىم كىيىش ، تاماق يېيىش ۋە مېڭىش - تۇرۇش قاتارلىق تاشقى شەكىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلا ماس كېلىدىغان نىسپىي يەكۈن . ئەمما ، ماھىيەت جەھەتتىن ، يەنى دۇنيا قاراش ، ئېستېتىك زوق ، ئارزۇ - ئارمان ۋە پىكىر قىلىش . . . قاتارلىق جەھەتلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا گوياكى ئاسمان - زېمىن پەرق بولىدۇ . بۇنىڭغا يىراقتىن مىسال ئىزدەپ ئولتۇرۇشمۇ ھاجەتسىز ، پەقەت قوشنىمىزنىڭ ئائىلىسىدە تۇنۇگۈن يۈز بېرىپ ئۆتكەن ، كۆرۈنۈشتە كومېدىيىلىك تۈس ئالغان بولسىمۇ ، ماھىيەتتە تراگېدىيىگە تەئەللۇق بولغان كىچىككىنە ۋەقەنى مىسال كەلتۈرۈشلا كۇپايە .

بىر ھەپتە ئىلگىرى ئۆيىنىڭ مېھمانخانىسىنى زىنىنەتلەش ئىشىدا ، ئۇلار ئەر - خوتۇن ئىككىسى كېلىشەلمەي جىق تالاش - تارتىش قىلىشتى .

— سىلە كۈندە خىزمەت - خىزمەتلا دەپ ، ئۆيىنىڭ ئىشى بىلەن كارىڭلىرى يوق . خەقلەر ھازىر مېھمانخانىلىرىنى يېڭى پاسوندا زىنىنەتلەپ ، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك قىلىۋەتتى . . .

— قانداق يېڭى پاسونكەن ئۇ ؟

— ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن مەخسۇس دېرىزە پەردىسى تىكىدىغان ئۇستاملار كەپتىكەن . ئۇلار دېرىزە پەردىلىرى ، پەردە

بىلەن گارنۇس ئارىلىقىغا تۇتۇلىدىغان ھېلىقى لەپىلىمە دېگەنلەرنى شۇنىداق چىرايلىق تىكىدىكەنكى ، ھەي ـ ھەي ، ھەرقانچە سۆز- لەپ بەرسەممۇ سىلە چۈشەنمەيلا .

ـــ بوپتۇ ئەمىسە ، مەنمۇ سورىماي .

ـــ شۇنداق دەپلا گەپنى تۈگەتمەكچىمۇ سىلە ؟ ئەر كىشى كۈندۈزى تالانىڭ ئادىمى بولسىمۇ ، ئاخشىمى ئۆينىڭ ئادىمىغۇ ؟ يەنە تېخى ئۆيگە كېلىدىغان مېھمانىنىڭ ئۇندىن توققۇزىنى ئەر- كىشى باشلاپ كېلىدۇ . شۇنداق تۇرۇپ بۇ ئۆيگە ئازراق كۆڭۈل بۆلۈپ قويمىسىلا قانداق بولىدۇ ؟

ـــ گېپىڭنى ھېچ چۈشەنمىدىم خوتۇن ، زادى نېمە دې- مەكچىسەن ؟

ـــ نېمە دەيتتىم ، مېھمانخانىمىزنىڭ تايىنى قالمىدى . ئۆيگە مېھمان باشلاپ كېلىپ قالسىلا سەت تۇرىدۇ . مېھمانخانىنى ئوڭشاپ قويايلى دەيمەن شۇ .

ـــ ئۆتكەندىمۇ شۇنداق دەپ تۇرۇۋېلىپ بىر قېتىم ئوڭ- شىغانتۇق . مانا بىر تامدا گىلەم ، بىر تامدا ئەينەك ، يەنە بىر تامدا مەنزىرە رەسىمى پارقىراپ تۇرىدۇ . سېنىڭچە يەنە قانداق ئوڭشى- ساق ئاندىن ئوڭشىغان بولىمىز ؟

ـــ سىلە خەقنىڭ ئۆيىگە كىرىپ باقمىدىلا ، خەق دېگەن دېرىزە بار تامغا پۈتۈن گارنۇس ياسىتىپ ، ئۇ باشتىن بۇ باشقا پۈتۈن پەردە تۇتتۇۋاتىدۇ . بىزمۇ شۇنداق قىلمىساق چېنىپ قال- مىز .

ـــ بۇمۇ ئۆي زىننەتلەشتىكى يېڭى مودا ئوخشىمامدۇ ؟

ـــ مودىمۇ ، ئەمەسمۇ بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق . ئىشقىلىپ ماۋۇ ئىككى دېرىزىگە پۈتۈن پەردە تارتمىساق بولمايدۇ .

ـــ پۈتۈن پەردە تارتىپ ئىككىلا دېرىزىنى توسۇۋەتسەك

ئۆي قاراڭغۇ بولۇپ قالامدۇ ؟
— ئۇنىڭدىن غەم قىلمىسىلىمۇ بولىدۇ . قاراڭغۇ بولۇپ قالسا لامپىنىڭ چوڭراقىنى يەڭگۈشلەرمىز . مۇنداق دېسەم توك پۇلىنىڭ گېپىنى قىلىپ قويمىسىلا يەنە . . .
— بولدى ، بولدى ، بىردەم ئارامىمدا قويۇپ ، نېمە قىلساڭ قىلغىنا .
شۇنىڭ بىلەن بىر ھەپتە ئىچىدە ئىككى دېرىزىگە پۇتۇن پەردە تارتىلىپ ، ئۆي ئالىي مېھمانخانىلارنىڭ ياتاقلىرىغا ئوخ- شىدى . بىراق ، ئالىي مېھمانخانىلارنىڭ دېرىزە پەردىلىرىنى يىغىپ يەنە ئاچقىلى بولغان بىلەن بۇ ئۆيدىكى مېھمانخانىنىڭ پەردىسىنى يىغقىلى بولمايتتى . تۈنۈگۈن يۈز بەرگەن ۋەقەمۇ ئەنە شۇ سە- ۋەبتىن كېلىپ چىققانىدى . چۈشلۈك تاماقتا ئۆيگە كەلگەن ئەر ، ئايالى ئېلىپ قويغان ئاشنى يەپ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئارام ئالماقچى بولدى . لېكىن ، بوسۇغىدىن ئاتلاپلا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى . لامپۇچكىنىڭ ۋىكليوچاتېل شوينىسىنى ئىزدەپ تام تەرەپكە بىر قەدەم مېڭىۋىدى ، نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ ئالدىغا دۈم چۈشتى - دە ، ئەينەك ساجى پارە - پارە بولۇپ كەتتى . تېخىمۇ يامان بولغىنى — ئەينەك ساجىنىڭ سۇنۇقى بۇرنىنى تىلىپ قانى- تىۋەتكەنىدى . دوختۇرخانىغا بېرىشتىن نومۇس قىلىپ ، ئۆيدىكى ئابلىتكا دورىلارنى ئېزىپ ئۇن قىلىپ ، قانىغان يەرگە بېسىپ ماسكا تاقىۋالدى - دە ، ئاچچىقىدا شۇ ھامان ئىككى ئىشلەمچىنى تېپىپ كېلىپ ، ئىككى دېرىزىنى خىش بىلەن پۈتۈنلەي ئەتكۈ- زۈۋەتتى .
كەچتە ئايالى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ، مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكى ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، كىرىپ باقتى . « پەردىلەر ، لەپىلىمىلەر » بىر بۇلۇڭغا دۆۋىلىنىپ قويۇلغان بو-

لۇپ ، پۈتۈنلەي ئېتىپ تاشلانغان دېرىزىلەرنىڭ ھۆل خىشلىرى تېخى قۇرۇمىغانىدى . ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ دەرھال ئېرىنىڭ يېنىغا كىرىپ ، بۇرنىدىكى ماسكىدىن تەپچىپ چىققان قانغا قاراپ تۇ-رۇپ قالدى .

— ھېچقىسى يوق خوتۇن ، — دېدى ئەر بۇرنىنى سىلاپ قويۇپ ، — بۇرنۇمنىڭ يامىقى ئۆزىدىن ساقىيىپ قالىدۇ . يامان بولغىنى ئەينەك ساجى چېقىلىپ كەتتى . ياخشى بولغىنى شۇ با-ھانىدە دېرىزىلەر ئېتىلىپ ، ئۆينى تېخىمۇ قاراڭغۇ قىلىشقا ياخشى شارائىت ھازىرلاندى . . .

كېيىن گەرچە ئايال ئېشىنىڭ تەپسىلاتىنى ئېنىق بىلگەن-دىن كېيىن خىش بىلەن ئېتىپ تاشلانغان دېرىزىلەر قايتا ئېچى-لىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە پۈتۈن پەردە تارتىش غوۋغاسى شۇنىڭ بىلەن بېسىققان بولسىمۇ ، لېكىن ئەرنىڭ بۇرنىدىكى تار-تۇق ئاشۇ قېتىملىق ۋەقەنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ شۇ پېتى قېلى-ۋەردى .

شۇ پېتى قېلىۋەرگىنى يالغۇز ئاشۇ بىرلا تارتۇق ئەمەس . گەرچە ئاشۇ تارتۇق بەدىلىگە ئاشۇ بىر ئائىلىنىڭ دېرىزىسى ئې-چىلىپ ، ئۆيگە نۇر چۈشۈش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئەتراپىمىزدىكى باشقا كۆپلىگەن دېرىزىلەر يېڭى مودىدىكى پەردىلەر بىلەن قاپلانغان ھالدا يەنىلا شۇ پېتى تۇرۇۋاتامدۇ ؟ بەلكىم بەزىلەر : « ئۆينى قانداق تۈزەش شۇ ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ ئىشى ، قاراڭغۇ بولۇپ قالسا چىراغ ياقسا بولمىدىمۇ ؟ ! » دېيىشى مۇمكىن . چىراغ ياقسا ئەلۋەتتە بولىدۇ . ئەجەبا ، پۈتۈن مەۋ-جۇداتقا ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى سېخىي قۇياشنىڭ تەبىئىي نۇ-رىنى توسۇپ قويۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا گويا پۇلنى خەجلەپ بولال-ماي بېشى قېتىپ قالغان ئادەمگە ئوخشاش ئارتۇقتىن ـ ئارتۇق

پۇل تۆلەپ كۈندۈزى چىراغ يېقىپ ئولتۇرسا ، بۇ خۇددى « ئەخمەق كۈندۈزى چىراغ ياقىدۇ ، ئاخشىمى يېغى تۈگەپ ئاسمانغا باقىدۇ » دېگەنگە ئوخشاش ئىش بولمامدۇ ؟ ئەجەبا بىزنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىز تەبىئىيلىك بىلەن سۈنئىيلىكنىڭ پايدا - زىيىنىنى پەرق قىلالماسلىق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنمىدۇ ؟ ناۋادا سۈنئىي ماھىيەتلىك نەرسىلەر داۋاملىق مودا بولىۋەرسە ، ئۇ تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە كىشىلەر تەبىئىي ئادەملەردىن چەتنەپ ، زاۋۇتلاردا ئىشلەپ چىقىرىلىپ بازارغا سېلىنغان سۈنئىي ئادەملەر بىلەن تويلىشارمۇ ؟ . . .

## ئاق دېسە قارا دەپتۇ

ھەر قېتىم سەپەر ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئائىلىدىن ئايرىلىپ ئاشخانىلاردا تاماق يېيىشكە توغرا كەلگەندە بېشىمغا كۆپ چۈشىدۇ. بۇ يالغۇزلا تاماقنىڭ ۋە تازىلىقنىڭ ناچارلىقىدىنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى قورساقنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن تاماق يېيىشكە كەلگەنلەرگە ئاۋۋال تاماق ئەكېلىشنىڭ ئەكسىچە، خۇددى «گەجگىسى قىچىشسا مەيدىسىنى قاشلاپتۇ» دېگەندەك، ئەسلىدىكى ئاۋازى ئاز كېلىپ ياڭراتقۇ چېتىلغان ئۈنئالغۇ ۋە تېلېۋىزورلارنىڭ قۇلاق - مېڭىنى يەيدىغان ۋاراڭ - چۇرۇڭىنى زورمۇ زور ئاڭلىتىشىنىڭ ئومۇملاشقانلىقىدىن.

شەكسىزكى، ئاشپەزلەرنىڭ ئاشخانىلارغا ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزورلارنى ئورنىتىشى، ئەلۋەتتە خېرىدارلارنى كۆپرەك جەلپ قىلىپ، پۇلنى كۆپرەك تېپىش ئۈچۈن ئىدى. ئەمما ئۇلار «ئاقماس ماتا، زورلاپ ساتا» دېگەندەك، ئادەمنىڭ قۇلاق مېڭىسىنى يېيىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئېلان تەشۋىقاتلىرىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىدىن بىزار ماڭا ئوخشاش خېرىدارلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئويلاپ باقامدىغاندۇ؟

شەكلى بۇنىڭغا ئوخشىمىسىمۇ، ماھىيىتى تامامەن ئوخشاش بولۇپ، ھەممىلا ئىشتا ئۆز رايىنى ئۆلچەم قىلغۇچىلارنى كۆتكەنىنىڭ ئەكسىچە نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلار ئاز ئەمەس.

— بۇرادەر ، بۇرۇتۇڭلار مايلىشىپ پارقىراپ كېتىپتۇ . تويدا پولۇ يېگەن ئوخشىمامسىلە ؟

— بىرنى تېپىپ ، بىرنى تاپالمىدىڭلار بۇرادەر . پولۇ يېيىشنىغۇ يېدىم ، لېكىن تويدا ئەمەس ، خەمىت خانقىزنىڭ بەرگەن چېيىدا يېدىم .

— خەمىت خانقىز نېمىشقا چاي بېرىپتىكەن ؟

— نېمىشقا بولاتتى ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى « خەمىت خانقىز دېمەي ، ئاتامنىڭ ئىسمى بىلەن خەمىت مامۇت » دەپ ئاتىساڭلار دەپ بولمامدۇ .

— ئەمىسە شۇنداق ئاتىماي ، چاينى ئىچىپ چىقىپلا يەنە خەمىت خانقىز دېگىنىڭلا نېمىسى ؟

— « پوقنى ئوسۇرۇقتا ياپقىلى بولمايدۇ » بۇرادەر . ئۇنىڭغا « خانقىز » دېگەن ئايالچە فامىلىنىڭ سىڭىپ قېلىشىغا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ هازىر قىلغان گېپىدىن هازىر يېنىۋالىدىغان نامەرد مىجەزى سەۋەب بولغان . ئاشۇ سەۋەبنى تۈگەتمەي تۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا داستىخان سېلىپ چاي بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانسا ، بۇ خۇددى پوقنى ئوسۇرۇقتا يېپىشقا ئۇرۇنغاندەك ياكى بولمىسا گەجگىسى قىچىشسا مەيدىسىنى قاشلىغاندەك بىر ئىش بولمامدۇ ؟

بەرهەق ! رىبائىللىق رەهىمسىز ، ئۇ هېچكىمنىڭ رايىغا باقمايدۇ . گەرچە هەممە ئىشتا ئۆز رايىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇۋالىدىغانلار ، قورسىقى ئاچقان خېرىدارلارنى ياخشى تاماق بىلەن جەلپ قىلىش ئورنىغا قۇلاق – مېڭىنى يەيدىغان جالدىرۋاق ناخشا – مۇزىكىلار بىلەن جەلپ قىلماقچى بولغان هېلىقى ئاشخانىلاردەك ، دەسلەپتە ئانچە – مۇنچە خېرىدار تاپقاندەك قىلسىمۇ ، لېكىن ئاخىرقى هېساپتا هامان خېرىدارلارنى بىزار قىلماي قالمايدۇ . ئەجەبا ، خېرىدارلىرى بىزار بولغان ئاشخانا روناق تاپالامدۇ ؟ ئە-

جەبا ئۆزىنىڭ ئەلگە پۇر كەتكەن نامەردلىكىدىن ئانىسىنىڭ ئىسمى
فـاملە بولۇپ سىڭىپ كەتكەن بىر ئىنسان ، ئاشۇ نامەردلىكىنى
تاشلىماي تۇرۇپ كىشلەرنىڭ ئاغزىنى ياغلاش بىلەنلا ، قان ـ
قېنىغا سىڭىپ كەتكەن نامەردلىك كېسلىنى يوشۇرۇپ قالالارمۇ ؟
تـالاي قېتىملاپ قايتا ـ قايتا ئىسپاتلانغان « كېسەلنى يوشۇرساڭ
ئۆلـۈم ئاشكارا » دېگەن ئاچچىق ھەقىقەت ، ئەجەبا ئانىسىنىڭ
ئىسمى فاملە بولۇپ ئۆزلىشىپ كەتكەن كىشلەر ئالدىدا ، ئا-
شۇلارنىڭ رايى بويىچە ئۆزگىرىپ بېرەرمۇ ؟ . . . ئىچ ـ ئىچىدىن
پـورلىشىپ قۇرتلاپ كەتكەن ، يىلتىزلىرىمۇ سېسىپ ھاياتىي كۈچ
مـەنبەسىدىن مەھرۇم قالغان بىر قېرى دەرەخ تاسادىپىي توغرا
كېلىپ قالىدىغان ئۆتكۈنچى يامغۇرغا تايىنىپ قاچانغىچە كۆكلەپ
تۇرالار ؟ ئەجەبا ئۇنىڭ ۋاقىتلىق ، ساختىا كۆكلەپ تۇرغىنىدىن
تېزرەك غۇلاپ چۈشۈپ ، ئانا تەبىئەتنىكى باشقا جانلىقلارغا سايە
بېرەلەيدىغان يېڭى ـ يېڭى نوتىلارغا ئورۇن بەرگىنى مىڭ ئەۋزەل
ئەمەسمۇ ؟

# ئاتلار روھى

ئاپتوبۇسنىڭ تۇيۇقسىز توختىشى بىلەن تەڭ يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى — ھەتتا مۈگدەپ قېلىشقانلارمۇ كۆزىنى ئېچىپ، دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئىختىيارسىز ھالدا يولغا قاراشتى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قاتار - قاتار تىزىلىپ كەتكەن ھەرخىل تىپتىكى ئاپتوموبىللارغا كۆز يەتمەيتتى. ئەتىگەندىن بېرى قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىۋېرىپ بەللىرى قېتىپ كەتكەن يولۇچىلار بىردىن - ئىككىدىن يەرگە چۈشۈپ، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ يول توسۇلۇپ قالغان يەرگە كېلىشتى. مەلۇم بولدىكى، كېچىدىن توختىماي ياغقان يامغۇر تاغ قاپتاللىرىغا يېغىلىپ سەلگە ئايلىنىپ، ئىككى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بۇ ئاسفالت يولنىڭ بىرەر مېتىرچە يېرىنى كولاپ ئازگال قىلىۋېتىپتۇ. ئازگال بېشىغا يېغىلىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن كېيىنرەك كېلىپ قالغانلار، ھەتتا ئازگالنىمۇ كۆرەلمەي كىشىلەر توپىغا قىستىلىپ كىرىپ كىم گەپ قىلسا شۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى.

— خۇدا ئۇرغان بۇ تاشلىقتا ئەمدى قاچانغىچە تۇرارمىز؟

— يامغۇر كولىۋەتكەن يەر بىرىبىرىم مېتىر چىقارمۇ؟

— بۇ ئازگالغا ئاز دېگەندە يىگىرمە - ئوتتۇز ماشىنا تاش - شېغىل تۆكمىسە يول ئوڭشالمايدۇ.

— تاشيول ياسايدىغانلار مۇشۇنداق يەرنى ياسىماي نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟

— ۋاي خۇدايىم ، تاشيول ئوگشايدىغانلارنىڭ كېلىپ ئوگشىشنى كۇتۇپ تۇرساق . بۇ يەردە نەچچە كۈن تۇرارمىز ؟

شۇ ئەسنادا ، ھەممە گۇدۇگشىشلارنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر بوم ئاۋاز ياگرىدى :

— جامائەت ! بۇ يەردە بىكار قاراپ تۇرساق يول ئۆزلۈكىدىن ئوگشىلىپ قالمايدۇ . كۆپ تۈكۈرسە كۆل تولار دەپتىكەن ، قېنى بىكار تۇرغۇچە تاش توشۇپ كېلىپ ئازگالغا تاشلايلى !

ساقىلى ئۇچىتەك ئاقارغان بۇ بوۋايغا كىشىلەر پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ ، يەنە ئۆزلىرىنىڭ گۇدۇگشىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى .

— شۇنچە چوڭ ئازگالنى قولدا تاش توشۇپ كېلىپ تىندۇرۇپ بولغىلى بولامدۇ ؟

— بىز تاش توشۇپ بۇ ئازگالنى تىندۇرساق يول ياسايدىغان غوجاملار نېمە ئىش قىلىدۇ ؟

ئەمما ، بوۋاي ئىككى قولدا چىلگە چوگلۇقىدىكى ئىككى تاشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ، تۈنجى بولۇپ ئازگالغا تاشلىدى . گەرچە كىشىلەر يەنىلا پەرۋاسىز قاراپ تۇرۇشسىمۇ ، لېكىن ئىختىيارسىز ئىككى يانغا داجىپ ئۇنىڭغا يول بېرىشتى . ئازگالغا تاش تاشلاش بەلكىم كىچىك باللارغا بىر قىزىق ئويۇندەك تۇيۇلغان بولسا كېرەك ، كىشىلەر ئارىسىدىن بىر نەچچە كىچىك بالا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، بوۋايغا ئەگىشىپ تاش ئېلىپ كېلىپ ئازگالغا تاشلاشتى .

بەلكىم ، باللارنى كۆرۈپ ئۆز باللىرى يادىغا يەتكەندۇ ۋە ياكى بوۋاينىڭ بايىقى سۆزىنى توغرا تاپقاندۇ ، ئىششقىلىپ چىرايلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن بىر جۈپ دېھقان ئەر - ئايال كى-

شلەر توپىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقتى . ئەركونىراپ كەتكەن چاپ‐
نىنى يەرگە سېلىپ ، ئۈستىگە بىر دۆۋە تاش يىغدى . ئاندىن ئا‐
يالى بىلەن ئىككىسى چاپاننىڭ ئىككى بېشىدىن كۆتۈرۈپ ئازگالغا
ئەكېلىپ تۆكتى . بەلكىم ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ستۇ‐
دېنتلار بولسا كېرەك ، چىرايلىق كىيىنگەن بىر توپ ئوغۇل ــ
قىزمۇ بوۋاي ، باللار ۋە بىر جۈپ دېھقاننىڭ سېپىگە قوشۇلدى .
سەپكە قوشۇلغانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، ئەتراپ‐
تىكى تاشلار ئازىيىپ ، تاش توشۇيدىغان ئارىلىق يىراقلاپ بارماقتا
ئىدى . لېكىن ئۇلار بىر كىمنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئەمەس ،
بەلكى ھەر كىم ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىشلەۋاتقاچقىمىكىن ، تاش
توشۇۋاتقانلار بارغانسېرى قىزىپ ، قەدىمىمۇ بارغانسېرى تېزلىشىپ
بارماقتا ئىدى . ۋاقىتنى ھېسابلاپ تۇرغانلارنىڭ گېپىگە قارى‐
غاندا ، بوۋاي تۇنجى تاشنى تاشلاپ ساق يېرىم سائەت ئۆتكەندە
ئازگالنىڭ يۈزى ئەسلىدىكى يول بىلەن تەكشىلەشتى . ئېگىز ــ پەس
يەرلەرنى تۈزلەپ ، ماشىنا ماڭغۇدەك قىلغۇچە يەنە يەتتە مىنۇت
كەتتى . شۇنداق قىلىپ ، يول ئۆڭشىلىپ ، ئەتىگەندىن بېرى
تـوسۇلۇپ قالغان قاتناش ئەسلىگە كەلدى . قاتناش ئەسلىگە كې‐
لىپ ماشىنىلار قوزغىلىپ بولغۇچە ، باياتىندىن بېرى ئازگال بې‐
شىدا تاماشا كۆرۈپ قاراپ تۇرۇشقان كىشىلەر ھەممىدىن بۇرۇن
ئاپتوبۇسقا چىقىشتى . . .
ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپ ئاتام ئىختىيارسىز يادىمغا كېلىپ
قالدى . بۇ يەردە مەرھۇمنىڭ ئىش ــ پائالىيەتلىرىنى بىرمۇ بىر
دەپ ئولتۇرمىساممۇ ، بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا ، ئۇمۇ با‐
يىقى بوۋايغا ئوخشاش بىر خىل روھقا ئىگە ئىدى . بۇ خىل روھنى
مېنىڭچە « ئاتىلار روھى » دەپ ئاتىساق مۇۋاپىق بولار . ئۇنداقتا
بايىقى قاتناش توسۇلۇپ قېلىش ھادىسىسىدە ئەكىس ئەتكەن يەنە

بىر خىل روھنى، يەنى دەسلەپتە «ئۆجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ كۈتۈپ يېتىپ، باشقىلارنىڭ ئەجرى بىلەن «ئۆجمە» تەييار بولغاندا دەرھال يۈگۈرۈپ قوپۇپ «تەييارغا ھەييار» بولىدىغان روھنى نېمە دېسەك مۇۋاپىق بولار؟

ئېنىقكى، بۇ يەردە ئۆزگىگىلا ئەمەس، ئۆزىگىمۇ زىيان سالىدىغان ئۇ خىل روھنى نېمىدەپ ئاتاش مەسىلىسى ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەس. ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئۆزگىگىمۇ، ئۆزىگىمۇ پايدىلىق بولغان ئاتىلار روھىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كېمىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدا. ئەجەبا بىز ھەممىمىز «تەييارغا ھەييار» بولۇش تەمەسىدە «ئۆجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ كۈتۈپ ياتساق ھېلىقىدەك يوللار ئۆزلۈكىدىن ئوڭشىلىپ قالارمۇ؟ يامغۇر بۇزۇۋەتكەن ئۇ خىل يوللارنىڭمۇ كارايىتى چاغلىق، چۈنكى ئۇنىڭغا تاش - شېغىل تۆكۈپ ئوڭشىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، نامراتلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان نادانلىق ۋە نادانلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان قالاقلىق كاساپىتىدىن كۈندىن - كۈنگە ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقان ئورتاق تەقدىرىمىزگە مۇناسىۋەتلىك مەنىۋى يولىمىزنى ئوڭشىيالارمىزمۇ؟

# قىز دوستۇم بىلەن سۆھبەت

چىن ئىنسانغا خاس مېھرى ـ مۇھەببەت ، ۋاپا ـ ساداقەت ۋە ۋىجدان ـ دىيانەت قاتارلىق پاك گۈزەل تۇيغۇلار مۇجەسسەم-لەنگەن دوستلۇقنى ئادەملەرنىڭ ياش پەرقىگە ۋە جىنسىغا قاراپ مەۋجۇت بولىدۇ ، دەيدىغان كۆز قاراشنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتتى . دېمەكچىمەنكى ، دوستلۇق يالغۇز تەڭتۇشلار ۋە جىنسداشلار ئارىسىدىلا ئەمەس ، بەلكى بوۋايلار بىلەن يىگىتلەر ھەمدە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدىمۇ مەۋجۇت بولىۋېرىدۇ . بۇ قانداقتۇر بىرەر كىتابتىن يادلىۋالغان سۆز بولماستىن ، بەلكى ئۆزۈم بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرگەن ، رېئال تۇرمۇشتىن يەكۈن-لەنگەن بىر يەكۈن . يەنە دېمەكچىمەنكى ، گەرچە مەن بىلەن ياش ئورتاقلىقى بولمىسىمۇ ، لېكىن غايە ئورتاقلىقى بولغان بىر نەچچە ئوغۇل ـ قىز دوستلىرىم بار .

بىر كۈنى ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تېخى توي قىلمىغان بىر قىز دوستۇم بىلەن ئۇنىڭ تويى توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلە-شىپ قالدىم . ( ئادەتتە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە « سىڭلىم » دەپ ئاتىساممۇ ، ناۋادا بىز دوست بولمىغان بولساق ، ئاكا بولغۇ-چىنىڭ ئۆز سىڭلىسى بىلەن ئۇنىڭ تويى توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلىشىدىغانىنىش نەدە بار ؟ ) ئۇمۇ مېنى ھەقىقىي دوستى ئور-نىدا كۆرگەچكە ، يېقىندا لايىقى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر ئىشنى ئەينەن سۆزلەپ بەردى .

ــ مېنىڭ تارىخقا ۋە ئەدەبىياتىمىزغا ئالاھىدە قىزىقىدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىلا . شۇڭا ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ رەسىمىنى چوڭايتىپ ياتىقىمغا ئېسىپ قويغانىدىم . ئۇ كىلىپ رەسىمگە قاراپ چىرايى بىر قىسما بولۇپ قالدى . « نېمە بولدىڭىز ؟ » دەپ سورىسام ، رەسىمنى كۆرسىتىپ قىزىرىپ تۇرۇپ : « بۇكىم ؟نېمىشقا رەسىمنى چوڭايتىپ ئېسىۋالدىڭىز ؟ » دەپ سوراۋاتىدۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭدىن قاتتىق رايىم يېنىپ كەتتى . مىللىتىڭ نېمە دەپ سورىسا ئۇيغۇر دەپ تۇرۇپ ، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن جېنىنى تەقدىم قىلغان ئوت يۈرەك شائىرنى تونۇمىسا ، ئۇنداق ئادەم بىلەن نېمىدەپ توي قىلىمەن ؟ قانداقمۇ بىللە ياشايمەن ؟... گەرچە شۇ چاغدا قىز دوستۇمغا نېمە دېيىشنى بىلمىگەن بولساممۇ ، لېكىن كېيىن ئويلىنىپ قالدىم : ناۋادا ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئورنىغا سۇن ۋۇكۇڭنىڭ رەسىمنى ئېسىپ قويغان بولسا ھېلىقى لايىقى نېمە دەر ئىدى ؟ گەرچە ئۇنىڭ نېمە دېيىشىنى بىز بىلمىسەكمۇ ، لېكىن شۇ نەرسىنى بىلىمىزكى ، ھېچبولمىغاندا ئۇ « بۇ كىم » دەپمۇ سورىمىغان بولار ئىدى . چۈنكى ، سۇن ۋۇكۇڭنى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە ئادەم بىلىدۇ .

بىراق ، مەسىلە شۇ يەردىكى ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ رەسىمگە قاراپلا ئۇنى تونۇش سۇن ۋۇكۇڭنى ھەقىقىي بىلگەنلىك ئەمەس . ئىشەنمىسىڭىز سىزمۇ تۆۋەندىكى سوئاللارنى ئۆز ـ ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ : دۇنيادا مەيلى جانلىق ، مەيلى جانسىز جىسىم بولسۇن ، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تۈر ۋە خىلى بولىدۇ . ئەمما ، سۇن ۋۇكۇڭ جانلىقلارنىڭ قايسى تۈرىگە تەۋە ؟ ناۋادا ئۇ ئادەم دېيىلسە ، ئادەملەرگە خاس تۇرقى ، خۇي ـ مىجەزى ۋە پەزىلىتى قېنى ؟ ناۋادا ئۇ مايمۇن بولسا ، مايمۇنلار توپىدىن ۋاز

كېچىپ چىقىپ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئادەملەرگە ئەل بولار-
مىدى ؟ ناۋادا ئادەممۇ ، مايمۇنمۇ ئەمەس بولۇپ ، قىلىمدا تەسۋىر-
لەنگەندەك ئەۋلىيا ـ ئەزىم بولىدىغان بولسا ، ئەۋلىيا دېگەن يەر ـ
زېمىنغا ۋە تەڭرىگە پايدىلىق ياخشى ئىشلارنى قىلماي ھېلى يەر ـ
زېمىننى ، ھېلى ئەرشنى قالايمىقان قىلىپ يۈرەرمىدى ؟ گەرچە
ئۇنىڭ يەتمىش ئىككى خىل ئۆزگىرەلەيدىغان ھۈنىرى بولسىمۇ ،
بۇ يەردىكى « ھۈنەر » دېگەن سۆز بىلەن ئالدامچىلىقنىڭ قانداق
ماھىيەتلىك پەرقى بار ؟! ھەتتا ئۇنىڭ ئۆز ئىسمىمۇ ئۈچ خىل
تۇرسا ، ئۇ سۇن ۋۇكۇڭمۇ ، ۋۇكۇڭسۇنمۇ ۋە ياكى كۇڭ ۋۇ-
سۇنمۇ ؟ ئۇ زادى نېمە ؟!

## پادىچى ۋە پادا

تەبىئەتتە قۇياشنىڭ ھەر ئەتىگىنى مەشرىقتىن كۆتۈرۈلۈپ مەغرىپتە ئولتۇرۇشى ۋە تۆت پەسىلنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشىغا ئوخشاش ھادىسىلەرنىڭ ئىزچىل تۈردە تەكرارلىنىپ تۇرۇشى ئىنسانلارنىڭ رايىغا باقمايدىغان بىر خىل تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ . تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىنسانلارمۇ ئاشۇ قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا بولماغاچقا ، تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈشتىن ئىبارەت فىزىئولوگىيىلىك جەريانلارنى ئەلمىساقتىن بۇيان تەكرار - تەكرار باشتىن كەچۈرۈپ كەلمەكتە .

بىراق ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تراگېدىيىنىڭ تەكرارلىنىشى تەبىئىي قانۇنىيەت بولماستىن ، بەلكى بىر تەتۈر قىسمەتتۇر .

تەتۈر قىسمەتلەرنىڭ تەكرارلىنىشى ئىنسانىيەتنىڭ بىر بەختسىزلىكى بولۇپ ، ئۇنى دەل ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . گەرچە ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىلار ئىنتايىن ئاز بولۇپ ، ئۇلار ئىنسانىيەتكە ۋەكىللىك قىلالمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان بەختسىزلىكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يېتىپ ئاشىدۇ . بۇ خۇددى « بىر چىچقاق موزاي بىر پادىنى بۇلغاپتۇ » دېگەنگە ئوخشاش بىر ئىش .

مەيلى كالا پادىسى بولسۇن ، ياكى قوي پادىسى بولسۇن ، ياكى ئۆچكە پادىسى بولسۇن ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى يالغۇز

گېلىنىڭلا غېمىدە يۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن پادىنى بۇلغايدىغان ھېلىقى « چىچقاق » بىلەن ئادەتتە ھېچقايسىسىنىڭ كارى بولمايدۇ . پادىنى بۇلغىنىشتىن ساقلاش پەقەت پادىچىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ .

بىراق بىزدە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىپ ، ئۆز ئېلكىدىكى پادىنى بىر ـ ئىككى چىچقاقنىڭ بۇلغىشىدىن ساقلاپ قالالايدىغان ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق پادىچى زادى قانچىلىك ؟ ئەجەبا ئۆز پادىسىنىڭ پاكلىنىش ئېھتىياجىنى چۈشەنمەيدىغان ۋە چۈشەنسىمۇ ئېھتىياجىدىن چىقالمايدىغان ئىسمى بار ، جىسمى يوق پادىچىلار پادىنى ئويلىمىسىمۇ ، ئاشۇ پادا بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن ئۆز تەقدىرىنى ئويلىمامدىغاندۇ ؟

## هاڭگا بارات [1]

مەيلى ئۇ خىلدىكى ياكى بۇ خىلدىكى بولسۇن، بارلىق كېسەللىك ــ ھاياتلىقنىڭ كۈشەندىسى. گەرچە كېسەللىكنىڭ ھەممىسى جاننى ئالمىغان تەقدىردىمۇ، بەزىلىرى بەدەندە ئۆمۈرلۈك ئاسارەت قالدۇرۇپ يەنىلا ھاياتلىقنىڭ كۈشەندىسى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرىگە كەلسەك، گەرچە ھەربىر خىل كېسەللىكنىڭ مىكروب، ۋىرۇسلىرى ئايرىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ كېسەللىك كەلتۈرۈپ چىقىرىش قانۇنىيەتلىرى بىر - بىرىگە ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئوخشاش بولغان بىر نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ جوڭگۇنىڭ «كېسەللىك ئېغىزدىن كىرىدۇ» دېگەن مەشھۇر ئەقلىيە سۆزى.

«كېسەللىك ئېغىزدىن كىرىدۇ» دېگەن بۇ سۆز شۇنىڭ ئۈچۈن مەشھۇر ئەقلىيە سۆز بولالىغانكى، ئۇنىڭدا كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى مىكروبلارنىڭ يالغۇزلا يېمەك - ئىچمەك ئارقىلىق ئېغىزدىن كىرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاددىي ساۋات قەيت قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئىنسانلار تەبىئىتىدىكى ئۆز نەپسىنى يىغىشقا قادىر بولالماسلىقتەك ئاجىزلىق كۆرسىتىپ بېرىلىپ، ئۇنىڭدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇش يوشۇرۇن دالالەت

---

[1] هاڭگا بارات ــ ئەسلىدە ئاۋانگارت بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاغزى كەلىمەى شۇنداق ئاتاپ ئادەتلىنىپ قالغان.

قىلىنغان .

يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەن بايانلار پەقەت جىسمانىي جەھەتتىكى كېسەللىككىلا قارىتىلغان بولۇپ ، روھىي ياكى مەنىۋى جەھەتتىكى كېسەللىكتىن مىسال ئالساق ، رېئال ئەھۋال ئادەمنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ . ھەر قېتىم يېزىدىن كەلگەن تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشكىنىمدە ، پاراڭ ئارىلىقىدا ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن : « پەنشيۇ ، ھاڭگا بارات ، قىزىل بايراق ، يۇگوڭ . . . » دېگەندەك يەر ـ جاي ناملىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇلارغا كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى قانداق بىلدۈرۈشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالىمەن .

ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقىنى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا قويۇلغان « قىزىل » ئىسىملار بولۇپ ، ئەسلىدە ئۇ يەرلەرنىڭ ئىسىملىرى « ئوي بوغداي ، ئارىلاڭقا ، جەرەندۆڭ ، داۋزا ، توغراق » ئىدى . بىراق ، يۇقىرىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »نىڭ تارىختىكى خاتا ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان تۇرۇقلۇق ۋە تۆۋەندە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر ـ جايلارنىڭ ئەسلىدىكى نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە كونكرېت ئۇقتۇرۇش چىقارغان تۇرۇقلۇق ، ئۇلار يەنە نېمە ئۈچۈن تۈپتىن خاتا بولغان سۈنئىي ئىسىملاردىن ۋاز كېچەلمەيدۇ ؟ بۇ دەل مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىشتا ھەققەتەن مىسلى كۆرۈلمىگەن « ئۇلۇغ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئاسارىتى ئەمەسمۇ ؟

كېسەللىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاسارەتنىڭ يەنە بىر خەتەرلىك تەرىپى بولۇپ ، ئۇ بولسىمۇ ئەسلىدىكى كېسەللىكنىڭ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قايتا تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن ئىبارەتتۇر . ئەجەبا بىز بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »نىڭ زىيىنىنى يېتەرلىك تارتمىدۇقمۇ ؟ ئەجەبا ئىنسانىي

تۇيغۇغا سىغمايدىغان « ئەر بىلەن خوتۇن ، ئاتا بىلەن بالا ئوت-
تۇرىسىدىكى ئىنقىلابىي كۇرەش » لەرنىڭ ئاچچىق ساۋىقى ئېسى-
مىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمۇ ؟ ناۋادا تېخى ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈ-
لۈپ كەتمىگەن بولسا ، نېمە ئۈچۈن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »
دا قويۇلۇپ قالغان ئاشۇ سۈنئىي ئىسىملارنى تېخىچە ئاغزىمىزدىن
چۈشۈرمەيمىز ؟ ! ھايات ۋاقتىمىزدىلا ئەمەس ، ھەتتا ئۆلگەندىن
كېيىنمۇ بىزگە ئۆز قوينىدىن مەڭگۈلۈك جاي بېرىدىغان بۇ سۆ-
يۈملۈك تۇپراقنى مېھرىبان ئانىغا ئوخشىتىمىزۇ ، نېمە ئۈچۈن ئاشۇ
ئانىمىزنىڭ « ئاتىسى ئەزان چىللىتىپ » قويغان بىر چىرايلىق
تەبىئىي ئىسمى بىلەن ئاتىماي ، باشقىلار ئالجىپ قالغاندا دەپ
تاشلىغان گەپنى تېخىچە ئىسىم قىلىپ قوللىنىمىز !؟

## ئۆلۈم ھەققىدە

ئۇ چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى يوق ھالدا يېنىمغا كېلىپ ، قانداقتۇر بىر ئىچكى ھاياجان تەپتىدىن تىترەۋاتقان قولىدىكى تاماكىنى ئىما قىلىپ سەرەڭگە سورىدى ھەمدە مېنىڭ نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىشىمنى كۈتمەيلا سۆزلەشكە باشلىدى :

— تووۋا ئادەم دېگەن ئۆلۈپ كېتىدىكەن . . . تووۋا تېخى ئاخشام ساق تۇرغان ئادەم بۈگۈن ئۆلۈپ كېتىۋېرىدىكەن . . . تووۋا . . .

ئۇنىڭ ئاشۇ مەيۈس قىياپىتىگە قاراپ ، ئىختىيارسىز ھېسداشلىقىم كەلدى :

— بىرەر يېقىن ئادىمىڭىز قازا قىلغان ئوخشىمامدۇ ؟ ئۇ كىم ئىدى ؟

— ياق ، ئاخشام تېخى ئۇنىڭ بىلەن ئىچىشكەنتۇق . تووۋا ، بۈگۈن ئەتىگەن كوچىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ، مەستلىكى تېخى يېشىلمىگەن ئوخشايدۇ ، دەپ يېنىغا بېرىپ قارىسام ئۆلۈپ قاپتۇ ، تووۋا . . .

ئۇ تاماكىنى كۈچەپ شورىغاچقىمىكىن ، بىر ھازا تېلىقىپ يۆتىلىپ كەتتى . ئاندىن تىترەشتىن تېخى توختىمىغان قوللىرى بىلەن سەرەڭگىنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىپ ، ئۆز - ئۆزىگە دەۋاتقاندەك دېدى :

— تووۋا ، ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ ؟ ئۆلۈپ

كەتمەستە قانغۇچە ئىچىۋالاي . . .
ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قاۋاقخا-
نىغا كىرىپ كەتتى . مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەيران بولغان ھالدا
قاراپ قالدىم . ئەجەبا يېشى ئەللىككە يېقىنلاپ قالغان بۇ ئادەم ،
ئادەمنىڭ ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئەمدى چۈشىنىپ يەت-
كەنمىدۇ ؟ ئۇنداقتا ئۇ ئاشۇ يېشىغىچە « مەن ئۆلمەيمەن » دەپ
قاراپ ، ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى قاۋاقخانىلاردا ئۆتكۈزگەن
بولغىيمىدى ؟ ئۇنداق بولسا ئۆزىنىڭمۇ ئۆلىدىغانلىقىنى ھېس قىل-
غاندىن كېيىن يەنە قاۋاقخانىغا چاپقىنى نېمىسى ؟ بۇ ئۇنىڭ ئۆ-
لۈمگە ئاغا قىلغىنىمۇ ياكى تېزرەك ئۆلۈشنى تاللىغىنىمۇ ؟ « ئاخ-
شام ئىچىشكەن » ئۇلپىتىنىڭ ھاراقتا ئۆلگىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ
يەنە قاۋاقخانىغا يۈگۈرۈش ئۆزىنىڭمۇ ھاراقتا ئۆلۈش يولىنى تال-
لىغىنى بولماي نېمە ؟ ئەجەبا ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ھاراقتا
ئۆلۈشتىن باشقا ھېچقانداق ئۆلۈش يولى قالمىغانمىدۇ ؟ ھېچبول-
مىغاندا ئۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە ياشىغان تۇ-
رۇقلۇق ، ماۋزىدۇڭنىڭ « بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى ھاڭگىرت پېيىدىن
قەدىرسىز بولىدۇ ؛ بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تېغىدىن قەدىرلىك
بولىدۇ » دېگەن ئۇزۇندىسىنى ئۆگەنمىگەن بولغىيمىدى !؟ . .

## ئادەم ۋە تاكسى شوپورى

ئاناتومىيلىك نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، ئادەملەر ئەزەلدىن ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ ، لېكىن ئىجتىمائىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا بۈگۈنكى ئادەملەر بىلەن قەدىمكى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ، ھەتتا يېقىنقى زامان ئادەملىرى بىلەن بۈگۈنكى زامان ئادەملىرى ئوتتۇ- رىسىدىمۇ ئاسمان ـ زېمىن پەرقلەر مەۋجۇت . ئەمما بىز بۇ قىسقا يازمىدا ئىككى دەۋر ئادەملىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئەمەس ، بەلكى پەقەت بۈگۈنكى دەۋردىكى بەزى ئادەملەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئۆتمەكچى .

ئۇلار A كوچىدىن B كوچىغا كېسەل يوقلاپ بارماقچى بولۇشتى . ئۇلار يوقلاپ بارماقچى بولغان كېسەل B كوچىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى رايونىدا بولۇپ ، ئۇ يەردە ماگىزىن بولمى- غاچقا ، كېسەل يوقلاشقا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەرنى A كوچا بىلەن B كوچا ئارىلىقىدىكى C دوقمۇشتىن سېتىۋېلىش كېرەك ئىدى . شۇڭا ، ئاشۇ دوقمۇشقا كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئەسكەرتتى :

— تاكسىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ ئالىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋالمىساق ، ھېلى يەنە قايتىپ كەلگىلى تۇرىمىز .

— ئەمىسە توختامدىمەن ؟

— ياق ، ھەيدەۋېرىڭ ! بايا « B كوچىنىڭ ئاخىرقى دوقمۇشىغا » دېگەنتۇققۇ ؟ شۇ يەرگە بارىمىز .

تاكسى شوپۇرى ئارتۇقچە گەپ قىلماستىن بېشىنى چايقاپ قويۇپ ، ماشىنىنى ھەيدەۋەردى . ئالاھازەل ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتىرچە يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇلار كۆزلىگەن يېرىگە يېتىپ كېلىشتى ۋە تاكسىدىن چۈشۈپ ، شوپۇرنى قايتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن بايا دېيىشەلمىگەن گەپلىرىنى دېيىشكە باشلىدى .

— پۇلنىڭ كۈچىنى كۆرمەي ، يېرىم يولدا چۈشۈپ قالىدىغان ئەخمەق بولمىساق بىز !

— ئەمىسە يەنە تاكسى توسۇپ كەينىمىزگە يېنىپ ، قايتا پۇل تۆلەپ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى بارىدىغان زېرەكلەردىن بولامدۇق ؟!

— بولدى تالاشماڭلار ، نېمىلا بولمىسۇن بىز زىيان تارتمىدۇق . تاكسىدا بەش مىنۇت بولسىمۇ ئارتۇق ئولتۇرۇۋالدۇق . . .

— شۇنى دەيمەن ، ئەگەر بايا بىر نەرسە سېتىۋالىمىز دەپ توختىغان بولساق ، بۇ يەرگە كەلگۈچە يەنە ئايرىم ھەق ھېسابلايتتى . . .

— ماقۇل ، ھازىرچە سىلەرنىڭ توغرا بولسۇن ، ئەمدى كېيىنلىكنى نېمە بىلەن يوقلايمىز ؟

— نېمە بىلەن يوقلايتتۇق ؟ كەينىمىزگە يېنىپ ، دوقمۇشتىكى ماگىزىندىن كونسېرۋا ، قەنت ـ گېزەك دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ كەلسەكلا ئىش پۈتمەمدۇ ؟

— بولىدۇ ، شۇنداق قىلىلى ئەمىسە . . .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى دىئالوگلىرىدا بۈگۈنكى بەزى ئادەملەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن . يەنى بىر ئاپتوموبىلغا چىققان تۆت ئادەمنىڭ بىرسى سەممىيلىكنى تېخى يوقاتمىغان ، توغرا پىكىرلىك نورمال

ئادەم بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئۈچ ھەمراھى ئالدىدا ئامالسىز قالدى . شۇنداق قىلىپ ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بىھۇدە كۆپ پۇل ماڭىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ، تاكسى شوپۇرىنى قەستەن ئاۋارىچىلىككە سالدى .

بۇغۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ كەتكۇدەك مۇھىم مىسالمۇ ئەمەس . ئەمما ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى ، باشقىلارغا پاتمانلاپ زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆزى زىغىردەك پايدا ئېلىش كويىدا يۈرۈش ، ھەتتا ئۆزىنىڭ زىيان تارتىشىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ، باشقىلارنى زىيانغا تىقمىغۇچە كۆڭلى تىنماسلىق — بۈگۈنكى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ماھىيەتلىك بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى .

ئەجەبا ، بەزىلىرىمىز ئاشۇ ئالاھىدىلىكنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ ، بىر - بىرلىرىمىزگە زىيان سېلىش ، بىر - بىرىمىزنى ئورنىغا ئىتتىرىش ھېسابىغا پايدا ئالساق ۋە شۇنىڭدىن خۇشاللانساق ، ئۇنداقتا ، بىز ئاشۇ زىيانلانغۇچىلارنىڭ ۋە ئورنىغا ئىتتىرىلگەنلەرنىڭ نەزىرىدىمۇ ئۆزىمىز ئويلىغاندەك زېرەك ، ئەقىللىق سانىلارمىزمۇ ؟ ناۋادا ئۇلارمۇ بىزدىن ئۆگىنىپ ۋە ئاچچىق ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ « ئەرگە بىر نۆۋەت ، يەرگە بىر نۆۋەت » كېلىدىغان بۇ زاماندا ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۆۋىتى كېلىپ بىزنى ئورنىغا ئىتتىرىۋېتىپ ئۆزى پايدىغا ئېرىشىپ قالسا ، ئۇلارنىمۇ ئەقىللىق ھېسابلارمىزمۇ ياكى ئىنساپسىز ، سۇيىقەستچى دەپ تىللارمىزمۇ ؟ . . .